«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى ئەترىتى ئەپەندار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»نى ئېرىشكەن ئەترىتى ئەپەندار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

双效期刊

تارىخچى، «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەد
ھەيدەر كۆرەگان (1499 — 1551)

رەسسام: غازى ئەھمەد



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2
2008

新疆文化

ISSN 1008-6498

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • شىنجاڭ مەدەنىيىتى



شائىر، ئاتاقلىق ئۇستاز مۇھەررىر، ئەدەبىيات سېپىنىڭ قابىل
تەشكىلاتچىسى ئابلىز نازىرىي(1925 ــ 1994.12.8) ئەپەندىنى چوڭقۇر
ياد ئېتىمىز

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


**ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار**

ۋاقتى؟! ......................................رەھىم رەھمان 2

**مۇقام تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاممىۋىلىقى ............................ ھاجى ئىمىن تۇرسۇن 4

**ئۇربېتا ئىزدەش**

ئۇربېتا ئىزدەش..........................................ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 8

**ئۇيلىنىپ قالدىم**

«ھېچقىسى يوق، سىلەر شەرقلىق ئەمەسمۇ...»... ..................... مۇھەممەت ھۇسەن 30

**ئېغىر تىنىقلار**

قوشنا.....................(ھېكايە)..................... گۈلباھار ناسىر 32

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ...........................ئابلىز روزى قاتارلىقلار 39

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما**

«بىر»دىن باشلانغان تۈيغۇلار ........................... ئايتۇرسۇن ھوجىتىللا 50

**تىكەنلىك گۈللەر**

تاغدىن ـ باغدىن ..........................رابىيەگۈل ۋەلى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 52

**ئاچچىق كۈلكىلەر**

چاۋاك .................................بەگمەت يۇسۇپ 57

**ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ**

بۇگۈنكى دۇنيا ۋە تېلېۋىزور ..............................ئادىل ئابدۇقادىر 59

**ئانا بولغان كۈنلەردە**

ياپونىيىدىكى تۇغۇتۇم ............................................ رەيھان ئابلەت 64

**مەن كۆرگەن دۇنيا**

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كۈنلەر .......................... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 72


بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57 ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008 ـ يىل 2 ـ سان
( ئومۇمىي 290 ـ سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )**
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت
نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**

# ۋاقتى؟!...



رەھىم رەھمان

14-فېۋرال. ناھىيە بازىرى.

ئالدىمدا يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى كېتىۋاتاتتى.

ئوقۇغۇچى A: بۈگۈن بازاردا گۈل ساتىدىغانلار ئەجەب جىققۇ؟

ئوقۇغۇچى B: بۈگۈن دېگەن «ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى».

بۇ سۆزلەردىن تەئەججۇپلەندىم: ئەجەب گەپقۇ بۇ؟ تېخى ئەشۇ مەسۇملارنىڭ تىلىدا «ئاشىق-مەشۇق»نىڭ مەنىسى نېمە بولغىيدى؟

بۈگۈن بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىنىڭ بازار كۈنى بولمىسىمۇ، كوچىدا ئادەم بازار كۈنىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىز-ئوغۇللار توپ-توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ھەممىسىنىڭ قولىدا دېگۈدەك، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ قولىدا ھەرخىل رەڭدىكى سولياۋ گۈللەر تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرىپىمدىن:

—«كېيگىلى ئىشتىنى يوق، ئېتى مارجانبۈۋى» دېگەن زەردىلىك سۆز ئاڭلاندى. مىللىتىمىز تىلىدىكى ئېسىل ھېكمەتلەرنىڭ بىرسى بولغاچقىمۇ، ياكى چېكىشلىشىپ كېتىۋاتقان خىيالىمغا ئۇدۇل كەلگەن جاۋاب بوپقالدىمۇ، دەرھال ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. سالۋا تۇمىقىنى سەل قىڭغىر كىيۋالغان، ئورا كۆزلىرى ئويغا پاتقان، ئۆسكىلەڭ كاڧكازچە بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا ئاق سانجىشقا باشلىغان 50ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئادەم قولىدىكى موخۇركىسىنى قاتتىق شورىغىنىچە ئېغىر قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈنكى سوغۇق دەستىدىنمۇ ياكى ئۆزۈن يىللىق تاماكا چەككەنلىك سەۋەبىدىنمۇ، ئۇنىڭ قارامتۇلغا مايىل چىرايى تۇمۇر رەڭدە كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەزەلدىن

**ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار**

كىشلەرگە شۇنداق قارامدۇ ياكى ئالايتەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىشىم ئۇنى جىلە قىلىپ قويدىمۇ. ئۇ ماڭا سۆرلۈك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن موخوركا ئىسىنى كۆچەپ پۈۋلىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆرلۈك قارىشى بەدىنىمنى قاتتىق شۈركەندۈرۈۋەتتى.

توغرا. «بۇرۇتلۇق بەڭگى»نىڭ ئاغزىدىن چىققان تەمسىلنى ھەرقانداق دەۋردە ئۆز ھالىغا باقماي بىرەر ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلغانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەققاسلىغىلى ، بولۇپمۇ ھالىغا باقماي ئىش قىلغانلارنىڭ بايانىغا تەققاسلىغىلى بولاتتى.

— «ئۆلۈمدىن باشقىسىنىڭ بالدۇر بولغىنى ياخشى!»

قۇلىقىم تۈۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ گەپ بىلەن سۆزلىگۈچىگە قارىدىم: چوڭ دېگەندىمۇ 17-18ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئۇماققىنە قىز يېشى ۋە بويى ئۆزىدىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيدىغان يىگىتنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرى ۋە غەمسىز كىيىك ئوغلىقىدەك ئويناقشىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ھازىر بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن بۆلەك ھېچقانداق جانلىق مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. تۇرۇپلا قالدىم: نېمىنىڭ بالدۇر بولغىنى ياخشىدۇ؟ ياش قۇرامىغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدىكى رومانتىك تۇيغۇنىڭمۇ ياكى ئاللىقانداق بىر كارامەتنىڭمۇ؟ كۆز ئالدىمدا دۇنيانىڭ بۈگۈنكى زۆرۈر ئېھتىياجى، ئىجتىھات-مېھنەتتىن بىخەۋەر ئۆز تۇيغۇلىرىنىڭ چەكسىزلىكلىرىدە توپ-توپى بىلەن خىرامان لەيلەپ يۈرگەن خام رەسىدىلەر؛ تۇرۇپلا كۆز ئالدىمدا ئىنساننىڭ جىسمانىي قۇدرىتى بىلەن روياپقا چىقىدىغان ئەمگەك، ئىش-ئوقەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ۋۇجۇدىدىكى تامام قۇدرىتىنى چىقىرىپ كۆچىنىۋاتقان، يۈز-كۆزلىرىنى ياش قۇرامىغا مۇناسىپ بولمىغان قورۇق-سىزىقلار باسقان، جىيەكلىرى دائىم قىزىرىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ۋە تېڭىرقاشلار پىلىلداپ تۇرغان، پەي-بوغۇملىرى بۈرتۈپ چىققان نۇۋەر يىگىتلەر؛ قۇچىقىدىكى بوۋىقىنىڭ قىرقىراپ يىغلاشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، يېتىشىپ ماڭالمايۋاتقان ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىسىنى قولىدىن سۆرىگەندەك يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئېتىز قىرىدىكى ياش ئانا؛ تاللا بازىرىدىكى مال پۈكىنىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنداق قويۇپ ئولتۇرغان قاپىقى يامان خوجايىنىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن خېرىدارلارغا دۇكاندىكى ماللارنى ئاغزى كۆپۈكلەشكىچە ماختاپ تونۇشتۇرۇۋاتقان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن زىلۋا قىزلار؛ تامام پەردىشەپنى قايرىۋېتىپ ھاراقكەشلەرنىڭ قولىغا زارىقىپ تاماق چاكىلدىتىپ ئولتۇرۇشقان قاۋاقتىكى چىرايى تاتىراڭغۇ قىزلار... مانا بۇلارنىڭمۇ بەلكىم بىر چاغلاردا ئاشۇ يىگىتنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ، دۇنيادىكى ئۆزىدىن بۆلەك مەۋجۇداتنى تامام ئۇنتۇغان قىزدەك غەمسىز، موھتاجسىز، ھەممىنى تەلمۈرتكىدەك بوتا كۆزلىرى بولغان بولغىيتتى؟ ئېغىر جىسمانىي مېھنەت دەستىدىن ياش قۇرامىغا ماس كەلمىگەن ھالدا مۈكچەيگەن ساقاللىق ئەركەككە ئاران يېتىشىپ كېتىۋاتقان ئانىمۇ ئەمدىلا رەسىدە بولغان چاغدىلا بۇرۇتلىرى چالا-بۇلا خەت تارتقان يىگىت سۇنغان گۈلنى غەمسىز، پاك نازلىرى بىلەن ئېلىپلا، ئۇمۇ «ئۆلۈمدىن باشقىسىنىڭ بالدۇر بولغىنى ياخشى»دەپ، يىگىت تۇتقان بىلىكىنى تارتىۋالمىغان بولغىيتتى؟ ئەشۇ خام رەسىدىلەرنىڭ نەزەرىدىكى «ئۆلۈمدىن باشقا بالدۇر بولۇشقا تېگىشلىك ئىش»پەقەتلا يىگىت قىزنى، قىز يىگىتنى كۆرسىلا ۋۇجۇدى ئېلىلىدىغان سېزىملا بولغىيمىدى؟ بىلىم، ھۈنەر-تېخنىكا ئىگىلەش، ئىنسان ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇش، رېئال دۇنيادا ياشاشقا لايىق ساپا ھازىرلاشقا تىرىشىش دېگەنلەر قاچان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولغىيتتى؟ تۇرۇپلا پاكىستاننىڭ ئوننەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەن «تېخى ۋاقتى ئەمەس»ناملىق قىسقا تېلېۋىزىيە فىلىمىدىكى بىر قېتىم ئىللىق تىكىلىپ قاراپ قويغان قىزنى يادىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، بېرىلىپ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن كېچىلىرى زاڭقىنى شوينا بىلەن تورۇسقا ئېلىپ قويۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان، ئەمدىلا ئەر يەتكىلى قوپقان يىگىتنىڭ بىچارە ھەم كۈلكىلىك ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. يەنە نىگارى ئۈچۈن بېستۇن تېغىنى كېسىپ چۆلگە سۇ باشلاپ كەلگەن پەرھاد، يەنە بىلىم ئېلىش، ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلەش يولىدا نى-نى جاپا-مۇشكۈلاتتىن قورقماي نۇۋەر چاغلىرىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلغان پىداكار قىز-يىگىتلەر ۋە ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشكەن مۇھەببەت-سۆيگۈنىڭ لەززەتلىك كارتىنىلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى. مېنىڭچە، ئۇلار كېچىكمىگەندى! رەھمەتلىك ئاتامنىڭ بىر چاغلاردا نامىزىدىن يېنىپ تەسۋى سىيرىگىنىچە پىچىرلاپ: «ئاللاھ، ئىشق بالاسىدىن ساقلىغايسەن!»دەپ تەكرارلايدىغان دۇئاسى قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك قىپالدى.

— «ھەر ئىش ۋاقتىدا پەرز!»

تۆت-بەش قەدەمچە ئالدىمدا 17-18ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىز ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئايالنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە جەزبىلىك، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر خىل نۇر، تاڭ قاراڭغۇسىدا يانغان چولپان چاقنايتتى. چىرايى ئەمدىلا ئانا سۈتى سىڭگەن مەسۇمنىڭ چىرايىدىنمۇ ئۇماق كۆرۈنەتتى. ئانىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇق ياماشقان چىرايىدا بىر مەمنۇنىيەت پارلاپ تۇراتتى.

2008-يىل 14-فېۋرال، شايار

ئاپتور: شايار ناھىيە مىللەت، دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M1)

# ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاممىۋىلىقى

**ھاجى ئىمىن تۇرسۇن**




مۇقام— ئېتنو مۇزىكا. بۇ— ئېتنو مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئېتنو مەدەنىيەتنىڭ سەھنىسى كىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى— تارىخىي ئەنئەنىلەر. ئېتنو مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بىۋاسىتە رېئاللىقىدىن ئىبارەت.

ئېتنو مۇزىكا— ئېتنوگرافىيە مەزمۇنىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان مۇزىكا. ماھىيەت جەھەتتىن ئۇنى ئاساسەن تارىخىي، ئىجتىمائىي دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىللە، بەدىئىي ۋە ئېستېتىكىلىق ھادىسە دەپمۇ تەبىرلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى ئۆتتۈشتۈرۈش، مۇراسىم- ئايىنلىرنى ئورۇنداش، ئەمەلىي- تەربىيىۋى سىڭدۈرۈش، تۇرلۇك ۋاسىتە بىلەن داۋاملاشتۇرۇش فۇنكسىيىلىرى بار. كۈندىلىك ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشتا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈش— كۆڭۈلگە ئورنىتىۋېلىش، قۇلاقتا قويۇش ۋە يۈزمۇ يۈز سۆزلەش، ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىش ئۇسۇللىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

## مۇقام تەتقىقاتى

ئاساسەن چالغۇ بىلەن ئورۇنداش، ئۇيناش يوللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېتنو مۇزىكا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەنىۋىيەت مۇزىكىلىرى دەپ بۆلۈنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانغا خاس ئېتنىكىلىق پائالىيەتلەرنىڭ بىر قىسمى. دېمەك ئېتنو مۇزىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلىنىدۇ. خەلق كۈيلىرى (ئەل ئىچى مۇزىكىلىرى)— ئېتنو مۇزىكىمىزنىڭ تۈپ گەۋدىسى.

مۇقاملار— خەلق كۈيلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن. بىر قانچە يىلدىن بۇيان رادىئو- تېلېۋىزىيىلەردە كۆچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا خاس بولغان خەلق كۈيلىرى كەينى- كەينىدىن ئاڭلىتىلىدىغان ۋە كۆرسىتىلىدىغان بولدى. بۇ كۈيلەرنىڭ يىراق تارىخىي قاتلاملىرىدىن مۇقاملارغا مەنبە بولغان ئاملىلارنى ھېس قىلدۇق.

ئەمما بەزى مۇقام تەتقىقاتچىلىرى ئۆزلىرى سەزگەن ياكى سەزمىگەن ھالدا مۇقامنى «ئوردا مۇزىكىسى» دەيدىغان بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چۈنكى 12 مۇقام سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھامىيلىقىدا، ئوردا ئەللامىسى قىدىرخان يەركەندىي ۋە خانىش ئامانىساخاننىڭ سەئيي- غەيرىتى

نەتىجىسىدە، جاي ـ جايدىن ئەلنەغمىچىلەر، مۇقام ئۇستازلىرى تەكلىپ قىلىنىپ مۇقاملار قايتا رەتلىنىپ، 12مۇقام شەكلىدە مۇجەسسەملەندۈرۈلگەن. ئۆتكەن مۇزىكا ئالىملىرى(سۇجى پاۋا، ئەل ـ فارابى ،مۇھەممەد يۈسۈپ كاشغەرىي ۋە باشقىلار)نىڭ مۇزىكا نەزەرىيىلىرى ھەم ئەل ئىچى نوتا مىزانلىرى بويىچە، يەرلىك خەلق ئاھاڭلىرى ئاساسىدا، ئۆزگە ئەللەرنىڭ مۇقام تىپىدىكى مۇزىكا ـ ئاھاڭلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، خەلق كۈيلىرى يۈكسەلدۈرۈلگەن. 12 مۇقام قائىدىلەشتۈرۈلگەن، نەمۇنىلەشتۈرۈلگەن، سورۇنلاشتۇرۇلغان مۇزىكا بولغاچقا، «مۇنتىزىم مۇزىكا» ياكى «نازاكەتلىك مۇزىكا» ئۇسنى ئالغان. لېكىن بۇنىڭ بىلەن مۇقاملارنىڭ ئەل ئىچى مۇزىكىلىق خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. يەنىلا مۇقاملار ئاممىۋىلاشقان مۇزىكا بايلىقى. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

## 1. ئىجتىمائىيلىقى ۋە كوللېكتىپچانلىقى

ئېتنو مۇزىكىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم ئېتنو مۇزىكىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئومۇملىقى ــ ئىجتىمائىيلىقى ۋە كوللېكتىپلىقى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئاساسەن كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدۇ ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىدۇ. ئورۇنداش، ئېيتىش، ئۇيناش داۋامىدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ ۋە ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئومۇملىشىدۇ دە، ئىجتىمائىيلىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، جامائەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بوپقالىدۇ.

## 2. مىللىيلىكى ۋە مەھەللىۋىلىقى

ئېتنو مۇزىكىنىڭ ماكان ئالاھىدىلىكى بار. يەنى ھەر جايدا بىر ئادەت، ھەر يۇرتتا بىر يوسۇن بولغىنى ئۈچۈن، ماكان ۋە ئاھالە پەرقى تۈپەيلىدىن ئايرىم ئۇسلۇبقا ۋە ئايرىم تۈسكە ئىگە بولىدۇ. ماكاندىن ۋە ئاھالە تۈركۈمىدىن ئايرىلىدىكەن، ئېتنومۇزىكىلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

## 3. تىپىكلىكى ۋە قېلىپلاشقانلىقى

ئېتنو مۇزىكا شەكىللىنىشى بىلەنلا نىسپىي ھالدا قېلىپلىشىدۇ ۋە مۇقىملىشىدۇ. ئۇنىڭغا شەكىل جەھەتتىن مىللەتنىڭ، جۈملىدىن ھەر يۇرت ئەھلىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت خۇسۇسىيەتلىرى سىڭىدۇ. بۇ كۆپىنچە مۇقاملارنىڭ مەشرەپ قىسىملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## 4. ئۆتۈمچانلىقى ۋە تارقىلىشچانلىقى

ئېتنو مۇزىكىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، زامان جەھەتتىكى ئۆتۈمچانلىقى ۋە ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشچانلىقى. ئېتنو مۇزىكا پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، ئاتىدىن بالىغا ۋە ئۇستازدىن شاگىرتقا ئۆتۈپ بارىدۇ. ئۆتكۈزگۈچى(ئاتا ياكى ئۇستاز) كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز مىللىتى، ئۆز يۇرتىنىڭ ناخشا ـ ساز مۇھىتىدا ئۆسكەچكە، مەزكۇر ناخشا ـ سازنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئۆگىتىشكە ھەم ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. سەيلە ـ بايرام، مەشرەپ ـ بەزمە قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئۇلار ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە بەس ـ بەس بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق سورۇنلار خەلق كۈيلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدەك مەملىكەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش(ئۆز ئارا ئويۇن قويۇش، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى)مۇ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتۈمچانلىقىنى ئالغا سۈرىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشكە ۋاستە بولىدۇ.

## 5. ۋارىيانتچانلىقى

ئېتنو مۇزىكىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئۈچ جەھەتتىن كۆرۈلىدۇ: 1. تارىخىي جەھەتتە: ھەر قايسى زاماندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ـ ئۆزگىرىشلەر، ھەر جاينىڭ مۇھىت ـ شارائىتى، ئاھالىنىڭ پىسخىكىلىق ھالىتى ۋە باشقىلار ۋارىيانتچانلىقنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىللار. 2. ئېتنو مۇزىكا ئەلنەغمىچىلەر كوللېكتىپى، ئېغىز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ كەلگەن. كوللېكتىپ ئىجادىيەت ۋە ئۆتۈمچانلىقى بىلەن داۋاملىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا تۈرلۈك ۋارىيانت پەيدا بولىدۇ. 3. ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئورۇنداشلىرىدىمۇ بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئورۇنداشلىرى بىلەن ياشانغان ۋاقتىدىكى ئورۇنداشلىرىدا مەلۇم پەرقلەر بولىدۇ. ئەل ئىچىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئالماشتۇرۇش ئالاقىسى جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىدۇ، باشقا ئاھالىنىڭ، ھەتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەم ناخشىچىلارنىڭ ئورۇنداش ئۇسلۇبى ۋە ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. قىسقىسى، ئېغىز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆتۈشىدىغان ئېتنو مۇزىكا كۆپىنچە ئەستە ساقلىنىدۇ. ئۇستازنىڭ شاگىرتقا، ئاتىنىڭ بالىغا ئۆگىتىشى داۋامىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

بىز ئېتنو مۇزىكا خاراكتېرىدىكى مۇقاملارنىڭ ئاممىۋىلىقى توغرىسىدا ئەل ئىچى مۇزىكىلىرىدا بولىدىغان ئالامەتلەرنى يىغىنچاقلاپ مۇتالىئە قىلدۇق. ئەمدى، مۇقاملارنىڭ ئاممىۋىلىق خاراكتېرىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، يەنى مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا مۇتالىئە قىلايلى.

مۇقام تەتقىقاتى مۇقام تەركىبىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولغانلىقىغا مۇناسىپ ھالدا پەيدىنپەي پىلانلىق ۋە تەپسىلاتلىق بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بىزدە «ھەر كەسپىنىڭ پىرى بولىدۇ» دەيدىغان قاراش تېخىچە ھۆكۈمران ئورۇندا

تۇرغانلىقى ئۈچۈن «ھەر بىر مۇقامنىڭ پىرى بار، شۇ پىر ئىجاد قىلغان» دېگەن قاراش خېلىلا يىلتىز تارتقان. ھەتتا 19 ـ ئەسىردە ياشىغان مۇزىكا تەتقىقاتچىسى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىيمۇ «تەۋارىخي مۇسقىيۇن» رىسالىسىدە مەزكۇر قاراش بويىچە ھەر بىر مۇقامنى بىر پىرغا باغلىغان. ئەسلىدە مۇقام كوللېكتىپ ئىجادىيەت ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ شەخسلىكىدىن كۆرە ئاممىۋىلىقى ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدۇ.

مۇقاملارنىڭ 16 ـ ئەسىردە ئىلمىي يوسۇندا تەرتىپلەنگەنلىكىگە قاراپ، 12 مۇقام 16 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەنىكەن دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى، يەنە كېلىپ «مۇقام» سۆزى پەيدا بولغان ياكى قوبۇل قىلىنغان ۋاقىتتىن (12 ـ ئەسىردىن) باشلانغان دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. مۇقام تەركىبىگە كىرگەن بەزى كۈيلەر كەم دېگەندە 5 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتە ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بەزى كۈي، ئىر ـ ئۆلەڭلەر ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشكە، كۆچمەنچى ـ چارۋىچىلىق ھەتتا ئوۋچىلىق دەۋرىگە تەئەللۇق. بۇنى يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىقلاش مۇمكىن.

قەدىمكى زاماندا ئېغىزدا ئېيتىلىدىغان مېلودىيە ـ يىر (ئىر /جىر)، چالغۇ بىلەن ئورۇندىلىدىغان مېلودىيە ـ كۈي دېيىلەتتى. ئىلگىرىكى مۇزىكا مۇئەللىپلىرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، مۇئەييەن قائىدە ـ رەسمىيەت بويىچە «ئۈچ ئۇلۇغ مۇراسىم (ئايىن)» ئۆتكۈزۈلگەن. بىرى، «سەفەر/سېير» يەنى «ئۆكۈز ـ كالا سۇرگۈنى» دېيىلىدىغان ئومۇمىي ئوۋ پائالىيىتى. ئۆكۈز تۈركىي خەلقلەردىن ئوغۇر/ ئوغۇزلارنىڭ مىللىي توتېمى بولغان. بالدۇرقى زاماندا مۇنداق ئوۋ پائالىيىتى بىر جامائەت مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بۇنىڭدا ئوۋچىلىققا خاس ئىر ـ يىر، كۈيلەر ئېيتىلىپ، مۇقەددەس ئۆكۈز ئۇۋلانغان ۋە بۇ ئۆكۈزلەر سويۇلۇپ، جامائەت ـ سوي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلگەن. ئىككىنچى بىر مۇراسىم «شۇلەن » ياكى «چەشىن» دېيىلگەن توي، بۇ ئاساسەن «ياغىش(قۇربانلىق) زىياپىتى». ئۈچىنچى بىر مۇراسىم «يوغ» دەپ ئاتىلىدىغان ماتەم مۇراسىمى. بۇ مۇراسىمدا شېئىر ۋە شائىرلارنىڭ مەۋقەسى باشقا مۇراسىملاردىكىدىن تېخىمۇ روشەنرەك بولۇپ، ئوزانلار (خەلق كۈيچىلىرى) قوبۇز بىلەن مۇڭلۇق كۈيلەرنى ئېيتىدۇ ۋە مەرسىيەلەرنى ئوقۇيدۇ.

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىن ئۇيغۇرلاردا مۇنداق مۇراسىم باشقۇرغۇچى ساھىر(سېھىرچى) شائىرلارنى «ئوزان»، «باخشى» ياكى «ئوغان» دەپ ئاتىغان، شەرقىي غۇز (دون ـ خۇ/ تون ـ غۇز)لاردا «شامان»، ئالتاي تۈركلىرىدە «كام» («قام»)، ياقۇت(ساقۇت)لاردا «ئونون» دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئوقۇيدىغان «تاقشۇت» ياكى «قوشاق» ۋەياكى «ساۋ»لارنىڭ مەزمۇنى «قالاق»(ئاتا ـ كۆپىنچە قەبىلە ئاقساقىلى)نىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەدھىيەلەر، ئۆتمۈشتىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدىكى دەستۇرلار، ئۆلگۈچى توغرىسىدىكى مەرسىيەلەردىن ئىبارەت ئىدى. بارا ـ بارا مۇنداق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىدا ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۇلۇغلىقى، سۈپەتلىرى، شان ـ شەۋكىتى كۈيلىنىدىغان داستان تىپىدىكى نەرسىلەر ياكى قەدىمكى باتۇرلارنىڭ مەنقەبەلىرى (تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت قىسسىلەر) ئوقۇلىدىغان بولدى. سوي ـ بويلار بىرلىكى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن مۇنداق بايرام ـ تويلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، مەزمۇنلىرى غولداپ، خانلار خانى ئوغۇزخان، ئالىپ ئەرتوڭا(ئەفراسىياپ)، بوز يىگىت قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مەنقەبەلىرى تەرەننۇم قىلىنىدىغان بولدى. بالدۇر ئوزانلار، باخشىلار ئورۇندايدىغان كۈيلەش ـ ئىرلاش، تاقشۇتلاش ياكى مەدھىيىلەش پائالىيەتلىرى تەرەققىي قىلىپ، بارا ـ بارا زەپەرنامىچىلار، شاھنامىچىلار، خەلق قىسسىخانلىرى مەيدانغا كەلگەن. زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېقىپ ھۆكۈمدارلار توغرىسىدىكى مەنقەبەلەرنى تاشلاپ، ھۆكۈمدارغا ئانچە تىل تەگكۈزمەيدىغان خەلق داستانلىرى (كۆپرەك ئاشىق ـ مەشۇقلۇق كۈيلىنىدىغان مۇھەببەت داستانلىرى) ئېيتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقاملارنىڭ داستانچىلىق بۆلۈكى شەكىللەندى.

دەرۋەقە، قەدىمكى زاماندا كۈي ـ قوشاق ـ بېدۇك (ئۇسسۇل) بىر گەۋدە ئىدى. كۆپىنچە ئەلكۈن يىغىلغان سورۇنلاردا، بەزمە ـ توي، سۇغدىچىلار (قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قاتار مەشرەپلەر)دا ئورۇندالدى. كۈيلەر مۇرەككەپلىشىپ، بۈيۈك كۈيلەر(چوڭ نەغمە)، قوشاقلاردىن داستانلار، سۇغدىچىلار شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى مۇقاملارنىڭ ئۈچ بۆلەك بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس يارىتىلدى.

مۇقاملارنى مۇجەسسەملەندۈرۈشتە، مۇقام ئورۇندىلىدىغان سورۇن (مەشرەپ، بەزمە...) ئەھلىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملىرىمۇ ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇلغان. سورۇنغا يىغىلغۇچىلارنىڭ تەركىبىدە مۇقام مۇزىكىلىرىدىن خەۋەردار، مۇقامنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئالاھىدە ئادەملەر بولسا خۇش ناۋالىق، يېقىملىق، ھېكمەت خاراكتېرلىك نەزمىلەرگە باغلانغان كۈيلەرنى، ياش قۇرامى ئوتتا ھال ئاۋام ۋە تۈرلۈك ئادەملەر بولسا، غەزەلىيات نەۋھەلىك، گۈزەللىك، مەي ـ شاراب توغرىسىدىكى نەزمىلەرگە باغلانغان كۈيلەرنى ئادا قىلىپ، ھۇزۇر ـ پەيز بېغىشلاش، ئەگەر سورۇندا مەنسەپدار ـ سەركەردە، سىياسىيونلار بولسا رۇبائىيلارغا، باتۇرلۇق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىككە دەۋەت قىلىدىغان غەزەل ـ بېيتلارغا باغلانغان ئاھاڭلارنى ئورۇنداش، ئەگەر سورۇندا

يىگىتلەر كۆپرەك بولسا، يەڭگىل، شوخ- ئەركىن كۈيلەر (مىسالەن: تەزە، سەلىقە)، سىلىق- جۇشقۇن كۈيلەر، ئەگەر قىز-چوكانلار تولاراق بولسا نازۇكراق، لەرزان، ئويۇن- چاقچاقلىق قىزىق كۈيلەرنى (خەلق بېيتلىرىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن هالدا) ئورۇنداش نەزەردە تۇتۇلغان. مۇقاملارنىڭ «بۈيۈك كۈي»(چوڭ نەغمە) قىسمى ئەڭ مۇرەككەپ بولۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ خاهىشى، زوقى هېسابقا ئېلىنغان هالدا بەزىدە پۇرقەتنامە (جۇدالىق)، بەزىدە ۋىساللىق، بەزىدە خۇشاللىق (خۇش خەۋەر مەزمۇنلۇق)، بەزىدە ئىتاب (كايىشلىق)، رەددىيە، مەقبۇل، شادلىق، شىكايەت ئىپادىلىنىدىغان كۈيلەر ئادا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

كۈي-ئاهاڭلار ۋەزىندە ئېغىر، يېنىك، ئوتتۇرىچە دەپ پەرقلىنىدۇ. تىمبىر جەھەتتە بوم، ئارا، زىل دەپ ئايرىلىدۇ.

ئادەتتە كۈي- ئاهاڭلار تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا بېقىپ ئىجاد قىلىنىدۇ. يەنى بەستىكار(كومپوزىتور)لار تېكىستقا (بىرەر غەزەل، رۇبائىي، ساقىينامىلەرگە) كۈي- ئاهاڭنى باغلايدۇ. ئاهاڭلارنىڭ تۈسلىرى (ئانا مېلودىيە ئاساس قىلىنغان شارائىتتا) ئورۇندىغۇچىنىڭ ماهارىتى، ئۇسۇلىغا قاراپ هەر خىل ئىپادىلىنىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، كېيىنكى زامانلاردا ئوردىگاهلار، خان- خاقانلار هۇزۇرىدا كۈي ۋە ئىر(يىر)لار تەرتىپلىنىپ، هەر كۈنى توققۇز خىل ئورۇندىلىدىغان بولدى.

مۇقاملارنى مۇقام ئۇستازلىرى ئۆز شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەندە تۆرلۈك ئۆلچەم بىرلىكىنى قوللانغان. مىسالەن: دەسلەپتە «چېكىت» (تاق چېكىت، جۈپ چېكىت، جىق چېكىت)، «چەكمە»، «چېكىتمە»، داپتا «دۇم»، «تاك» زەربىلىرى، نەيدە « ئۇرغۇتما»، «سوزۇلما»، «تۇزۇك»، ساتاردا «سىرىلما»، «ئەگىتمە»، تەمبۇردا «ناخۇنە»، «تەرەننۇم» شەكىل- ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان. ئاهاڭلارنىڭ ۋەزىنلىرىنى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن.(مىسالەن: بودا، چارەك، يېرىم (نىم)، چارەك، ئىششەك، نىم ئىششەك، چارەك ئىششەك، چاكسە، نىم چاكسە، خوتە، نىم خوتە دېگەندەك ۋەزىن ئۆلچەملىرى قوللىنىلغان). يېزىق پەيدا بولغاندا، هەرپلەر بىلدۈرىدىغان سانلارنى مەلۇم هەرپلەرگە ۋەكىل قىلىپ، هەرپلىك نوتىلار ئىشلەتكەن.

مۇقاملارنىڭ ئاممىۋىلىقىنىڭ يەنە بىر مۇهىم ئالامىتى، بولۇپمۇ 12 مۇقام 12 مۆچەل ۋە 12 ئايغا تەققاس قىلىنىپ، هەربىر ئاي 30 كۈندىن هېسابلىنىپ، بىر يىل 360 كۈن هېسابىدا مۇقام كۈيلىرى 360 قىلىنغان. شۇنىڭدەك هەر كۈن 12 چاغ(ۋاق) 24 سائەتكە تەقسىملەنگەچكە، مۇقاملار 12گە ئايرىلىپ، هەر چاغ(ۋاق) 2 سائەتتىن 24 سائەت بولغاچقا، هەر بىر مۇقام تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن جەمئىي 24 سائەتتە ئورۇندىلىپ بولۇش هېسابقا ئېلىنغان. دېمەك، هازىرقى بىز ۋارىسلىق قىلىۋاتقان مۇقاملار 12 خىل، 360 كۈيدىن ئىبارەت.

دېمەك، 12 مۇقام مۇزىكا پېشۋالىرى خەلق كۈيلىرىنىڭ مۇزىكىلىق نەزەرىيىسى «ئەدۋار ئىلمى»نى، خەلقنىڭ پسىخىكىلىق يوسۇنلىرىنى ئاساس قىلىپ، تەقۋىم(كالېندار)، ئېتنىكىلىق ئادەت، يىل-چاغ ئايرىمىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇجەسسەملەندۈرگەن ئاممىۋى ئاهاڭلاردۇر.

---

ئاپتور:ئالىي مۇهەررىر، تىلشۇناس، ئۇيغۇر تارىخ- مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى (M2)


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز. شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16- قورۇ

## 告海外读者

“新疆文化”杂志向海外发行事宜由中国图书进出口（集团）总公司代理，如海外读者要订阅本刊，与中国进出口（集团）总公司出口部联系。本刊海外发行代号：6498BM

China National Publications Import & Export Corporation

P.O.Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China Fax: (010) 65063101




«مائارىپتا ئۆزگەرتەلمىگىنىمىز دەل ئېغىرلىق مەركىزىنى يۆتكەشتۇر. بۇ بىر خىل ئۆزگىرىش، شۇنداقلا بىر خىل ئىنقىلاب. بۇ، كوپېرنىكنىڭ ئاسترونومىيەدىكى مەركىزىنى يەر شارىدىن قۇياشقا يۆتكىگىنىگە ئوخشاش ئىنقىلابتۇر. بالىلار قۇياشقا ئۆزگىرىشى، مائارىپتىكى بارلىق تەدبىر ئۇلارنى چۆرىدەپ ئايلىنىشى كېرەك»[1].

— جون دېۋېي (ئامېرىكا)

## 1. مائارىپ ـ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ھۆرلۈك يولى

بىز «دۇنياۋى مەسىلە»، «سىجىل تەرەققىيات» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. سۆز مەنىسىدىنلا بۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ بەختى، تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ تېما ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. كونكرېت مەنىسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، دۇنياۋى مەسىلە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولغان، بارلىق دۆلەت، مىللەت ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ، تىرىشىپ ھەل قىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردۇر.

دۇنياۋى مەسىلىنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۇرۇش، تىنچلىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىلىرى قاتارلىق نېگىزلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر. ئىككىنچى، ئىنسانلار ئۇزاق مەزگىل تەمىنلىنىدىغان ئەسلىي ماتېرىيال ۋە باشقا بايلىقلار، تەبىئەتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، مۇھىتنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر. ئۈچىنچى، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئارىسىدا ئالاقە ئورنىتىش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىلەر ئادەتتە يەككە ھالەتتە مەۋجۇد بولماي، ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەندە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ: سىجىل تەرەققىيات ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مۇھىتنى قوغداشتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك ئاساسىغا قۇرۇلغان.

دۇنياۋى مەسىلە ئوتتۇرىدىن ئالغاندا، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش ۋە مائارىپ ـ دۇنياۋى مەسىلىنىڭ ئۈچىنچى خىل مەنىسى دائىرىسىدىكى چوڭ ئىش. سەۋەب شۇكى، بىرى، مائارىپ بىلەن نېگىزلىك ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئارىسىدا بىۋاسىتە مۇناسىۋەت بار. مائارىپنىڭ ئىزچىل ئەلمىيلىشىشى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆسىدۇ. يەنە بىرى، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ پائالىيىتى ۋە مەۋجۇدلۇقى قاتارلىق بارلىق تەرەپكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش تېز بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئەھۋالدا، بۇ خىل تەسىرنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ پۈتكۈل سىستېمىسى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

ئوربىتا ئىزدەش

ماائارىپنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى پەن بىلىملىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماائارىپنىڭ يوشۇرۇن كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ. پەننىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئاشقانسېرى ماائارىپ سەۋىيىسىگە بولغان تەلەپمۇ ئاشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ماائارىپ مەسىلىسى يالغۇز ئىقتىساد، خىزمەت ئۈنۈمى، پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇ پەلسەپە ۋە ئادەمىيلىكنى يادرو قىلغان گۇمانىتارلىق مەسىلىسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىر ئىلمىي ماائارىپ ئىدىيىسىدە ئوخشىمىغان پەلسەپىۋى ئاڭلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئازايتىلغان، سىڭدۈرۈش ئېگىز كۈچەيتىلگەن، پەن بىلەن ئادەمىيەت ئىلىملىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك سېلىنغان بولىدۇ. تەربىيىلەنگۈچىلەر پەن- تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىنى تونۇيدۇ. بۇنداق ماائارىپ شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيە، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق باھا بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دېمەك، ماائارىپ جەريانىنىڭ ئىلغارلىشىشى، سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى نۇرغۇن دۇنياۋى مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. سىجىل تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ماائارىپ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، «نوپۇس بېسىمى، نامراتلىقنىڭ كېڭىيىشى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىش، توقۇنۇش ۋە زوراۋانلىق، يەككە مەدەنىيەتنىڭ خوجا بولۇۋېلىشى، جانلىقلارنىڭ يوقىلىشى، يېمەكلىك ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشى، ئەنئەنىۋى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ قۇرۇشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، تەبىئىي بايلىقنى چەكلىمىسىز ئېچىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىجىل تەرەققىياتنىڭ كۈشەندىسىدۇر» [2]. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تەبىئىيلا كىشىلەرنىڭ ئىلمىي تەربىيىلىنىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئىقتىسادىي نىشان، ئىجتىمائىي نىشان، ئېكولوگىيە مەسئۇلىيىتىمۇ يەنىلا يۇقىرى ساپالىق پۇقرالارغا موھتاج. ماائارىپ شەخس ۋە جەمئىيەتنى رېئال ھالەتتىن ھالقىتىش- ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەلگۈسىنى يارىتىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قۇللۇق، فېئوداللىق تۈزۈمىدىن قۇتۇلغىنىغا نەچچە يۈز يىل بولدى. ھازىر دۇنيادىكى ئايرىم رايونلاردا قەبىلە ھۆكۈمرانلىقى مەۋجۇد بولسىمۇ، بۇ ئومۇمىي ھالەت ئەمەس. پادىشاھلىق تۈزۈم داۋاملىشىۋاتقان ئەللەردىمۇ پۇقرالارنى «ئالتۇن جەمەت»، «قارا جەمەت» دەپ ئايرىيدىغان ئەھۋاللار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى. كۆپلۈك دەرىجە- قاتلاملىق كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەردى. بۇ، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىك غايىسىنىڭ رېئاللىشىشىدۇر. ئەمما، بۈگۈنكى تەرەققىيات مەلۇم شەخسنىڭ شۇنداقلا مەلۇم قوۋمنىڭ تەربىيىلىنىش سۈپىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنى، ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچى، پەن- مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق بەلگىلىگۈچى ئامىلغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىر تەربىيىلىنىش سۈپىتى ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ تىرىكى بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىر پەقەت ۋە پەقەت ماائارىپلا — پەقەت ئىلمىي تەربىيىلىنىشلا ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت يولى، ھەقىقىي ھۆرلۈك، باراۋەرلىك پاسپورتىدۇر. دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلىش، سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشانلانغان ئىلغار جەمئىيەت تۈزۈمىدە، ماائارىپ ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورتاق تېمىغا ئايلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## 2. ئېرا ئاتلىغان مۇھاكىمە

ئاساس ماائارىپنى تاماملىغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا قەدەم قويالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئۇلار چوقۇم ياخشى خاراكتېر سۈپەتلىرىگە ئىگە بولالىشى كېرەك. بۇ، ماائارىپتىكى بارلىق تىرىشچانلىق، بەدەلنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھاسىلاتىدۇر.

ئامېرىكا ماائارىپشۇناسلىرى ئوقۇغۇچىلاردا تىرىشچانلىق، قىزغىنلىق، شاد- خۇراملىق، قىزىقىش، ئىرادە- ئىنتىلىش، تەسەۋۋۇر، ئۆزىنى چەكلەش، ئەخلاق، ھەمكارلىق، سەممىيلىك، تەشەببۇسكارلىق قاتارلىق ساپالار يېتىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئامىللىرىغا تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى جەمئىيەتشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار، ماائارىپشۇناسلار، كەلگۈسىشۇناسلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان تەلەپ بويىچە، بىرىنچىدىن، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلاردا ئۆگىنىش ئىقتىدارى يېتىلىشى كېرەك. ئۇلار قانداق ئۆگىنىشنى بىلىشى كېرەك. ئۇلار ئىزچىل ئۆگىنىشى ۋە كونا شەيئىلەر بىلەن يېڭى شەيئىلەرنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەيلى قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايناق ھېسسىيات ۋە ھەۋەس- قىزىقىشنىڭ بولۇشى بىر چوڭ ئۈستۈنلۈكتۇر. ئۇنىڭ خىزمەت، مۇۋەپپەقىيەت، تەتقىقات ساھەلىرىدىكى رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇڭا، قىزغىنلىق ۋە قىزىقىش يېتىلدۈرۈش مۇھىم. ئۈچىنچىدىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى- ھەمكارلىق ئىقتىدارى كەسپىكىلەر ئۈچۈن يەنە بىر ئۈستۈنلۈك. شۇڭا، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلاردا ھەمكارلىق روھى ۋە ئىقتىدارى يېتىلىشى، ئۇلار باشقىلار بىلەن خۇشاللىق بىلەن بىللە ئىشلىيەلەيدىغان، زىددىيەت- توقۇنۇشلارنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ ئۆز مېڭە ئىقتىدارى ئېچىلىشى كېرەك. بۇ، ئەتراپىدىكى مۇھىتقا دىققەت قىلىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، يەكۈن چىقىرىش، سەنئەت ئىقتىدارى، لوگىكىلىق تەپەككۇر، پىلان- تەرتىپنى لايىھىلەش ۋە ئالاھىدە بولۇشقا ئىنتىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئەخلاق- پەزىلەتنى بەشىنچى قاتاردا قوشۇپ قويساق بولىدۇ.

بۇنداق سۈپەت- ساپا تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن ماائارىپ پائالىيىتى ئىلمىي قانات يېيىشى كېرەك. بىز ئىلمىي مەنىگە ئىگە ئاساس ماائارىپنىڭ پىسخىك تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇقلۇقىغا، مېڭىنىڭ ئوڭ- سول يېرىم شارلىرى ئىقتىدارىنى ماسلاشتۇرۇپ

ئېچىشقا، ئېرسىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا، خاسلىقنى ئېتىبارغا ئېلىشقا، ھېسسىيات بىلەن بىلىشنىڭ بىرلىكىنى تونۇشقا، ئادەم ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلىمىز. بۇلاردىن خاسلىقنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن ئادەم ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش كەسكىن رەۋىشتىكى ئىلمىي پوزىتسىيە تەلەپ قىلىدىغان تەرەپتۇر.

مەلۇمكى، خاسلىق ــ باشقىلارغا ئوخشىماسلىق دېگەنلىكتۇر. مىللەت ئادەملىك سالاھىيىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان خاس گەۋدە. مىللىي تىل بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئۇنىڭدىكى تۈپ خاسلىقتۇر. چۈنكى، «بىر خىل تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە 500 يىلدىن 1000 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بىر خىل تىلنىڭ شەكىللىنىشى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ مۇستەقىل تەرەققىياتى ۋە پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ»[3]. دېمەك، مىللىي تىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. تارىختا بەزى مىللەتلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تىلى بولمىغان. ئەمما، بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل تىلى بولۇش بىر پەخىرلىك ئىشتۇر. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كەڭ. ئۇ ئىقتىساد، سىياسىي، ئەخلاق، بىلىم، سەنئەت قاتارلىق تۆت چوڭ تۈۋرۈكتىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگىچە تۇتۇشۇپ كەتكەن بولىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ھاياتلىق غايىسى، ئىنتىلىشى، غۇرۇرى، قىممەت ئۆلچەملىرىنى تۈزىدۇ. بۇ، ماھىيەتتە بىر مىللەتنىڭ روھىدۇر. گېرمان مۇتەپەككۇرى نېچشى(1844 ـ 1900) توغرا ئېيتقان: «قىممەت ئۆلچىمى يوق ھالدا ياشىيالايدىغان بىرمۇ مىللەت يوق. بىر مىللەت ئۆز كۆچىگە تايىنىپ مەۋجۇد بولماقچى بولىدىكەن، ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك»[4].

تەربىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مىللىي تىلنىڭ پۇقراۋى ماھارىپتىكى مۇھىم ئورنى ئالدى بىلەن ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى ئۇلاش ۋاستىسى ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ماھارىپ مەدەنىيەتنى يەتكۈزىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ ۋە ئۆزلۈكسىز يېڭى مەدەنىيەت يارىتىدۇ. شۇڭا، ماھارىپ بىلەن مەدەنىيەت ئارىسىدا ھەرىكەتچان مۇناسىۋەت بار. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ناخشا ـ مۇزىكا، ماقال ـ تەمسىل، ئىدىيوم، رىۋايەت، تىياتىر، ھېكايە، رومانلىرىغىچە بولغان بارلىق يېزىق شەكلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىشەنچىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى جەملەپ چىقىدۇ. مىللەت ئۆزىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بۇلاردىن ھېس قىلىدۇ. ھەرقانداق مىللەت ئۆز قەلبىدىكى ئەڭ ياخشى ساپانى ئەسەرلەردىكى غايىۋىلاشتۇرۇلغان ئادەم ـ پېرسوناژلىرىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللەتنىڭ ئۆز قەلىمىدىن چىققان بۇنداق ئەسەرلەردىن مىللەتنىڭ ئادەم، ئەخلاق، جەمئىيەت ھەققىدىكى غايىۋى تەلپۈنۈشلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، مىللەتنىڭ پەلسەپىسى مىللەتنىڭ دىلىدا، ئانا تىلىدا ساقلىنىدۇ. تىلنىڭ يوقىلىشى پەلسەپىنىڭمۇ يوقىلىشىنى تېزلىتىدۇ. بىلىش تەس ئەمەسكى، پۇقراۋى ماھارىپتا ئانا تىلنىڭ ئورنى ئىنكار قىلىنسا، مىللەت ئەنئەنىسىنىڭ ئۈزۈلۈشىگە زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇ، ماھىيەتتە بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدىدە قەلبنىڭ يەككۈشلىنىشىدۇر. قەلبنىڭ يەككۈشلىنىشى خۇشاللىق ۋە ئازاب تۇيغۇسىنىڭ يەككۈشلىنىشى بولۇپ، ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ئالىم ماكس مۇللېر(1823 ـ 1900): «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئازابىمۇ بىزنىڭ ئازابىمىزدۇر. ئەگەر ئەجداد بىلەن ئەۋلات ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئورتاق ھېسسىيات بولمايدىكەن، تارىخ بىر دۆۋە قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[5] دېگەنىدى.

مىللەتنىڭ خاس بولغان قىممەت ئۆلچەملىرى مىللەتنىڭ ماھارىپ ھەققىدىكى غايىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېلىم ـ بېرىمدە ئادىل، تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ياش جۇڭگوغا كەلسە باشقىلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغان ھاماقەت دەپ قارىلىشى، ئامېرىكىدا لاياقەتلىك پۇقرا ھېساپلانغان دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە بىر بالا جۇڭگودا گەدەنكەش ھېسابلىنىشى، جۇڭگودا ئىنتايىن نورمال دەپ قارىلىدىغان، بىرەر پارچە تەتقىقات ماقالىسى يازالمىسىمۇ توم ـ توم كىتابلارنى يادلاپ بېرەلەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە مەنسەپ چۈشەيدىغان، ئىلىم تەتقىقاتىدىن كۆرە ئۆسۈش پۇرسىتى ئىزدەيدىغان، ئۆزىدىن باشقىلارغا مەڭگۈ ئىجتىمائىي دەرىجە بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن بىر خەنزۇ ستۇدېنت ئەنگلىيە ياكى ئامېرىكىلىقلار نەزەرىدە دۇنياغا خاتا كېلىپقالغان، ھاياتنى بىھۇدە زايا قىلىدىغان ئادەم دەپ قارىلىشى مۇمكىن. بىر قوۋمدا يەل قويۇۋېتىش ئادەتتىكى ئىش، كېكىرىش ئەيىبلىك ئىش دەپ قارالسا، يەنە بىر قوۋمدا كېكىرىش نورمال ئىش، ئەكسىچە، يەل قويۇۋېتىش ئىنتايىن ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىشى مۇمكىن. خەنزۇلار بىلەن ياپونلارغا ئوخشاش بىر ھەزارەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ماھارىپ ئىدىيىسىدە ئوخشاش ئامىللار كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تامامەن ئوخشاپ كېتىشى يەنىلا ناتايىن. بۇلار مىللىيلىكنىڭ روشەن ئىپادىلىرىدۇر. دېمەك، مىللەت ئوخشىمىغانىكەن، كىمنى تەربىيىلەش مەسىلىسىمۇ ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ.

مەكتەپ تەربىيىسى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئائىلە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىدىنلا كۆچلۈك مىللىي مەنا چىقىپ تۇرىدۇ. بۈيۈك رۇس پېداگوگى كونستانتىن دېمىترىيېۋىچ ئۇشىنسكىي (1824 ـ 1870)نىڭ سۆزى بويىچە، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئادەم ھەققىدە خاس غايىسى بولىدۇ. بۇ غايە ئوخشىمىغان تارىخ ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي قاتلامدا ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق ئۆزگىرىشلەردە يەنىلا بىر مىللەتنىڭ ماھىيىتى تۇرىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق كىشى بۇ غايىدىن قانائەتلەنمەسلىكى مۇمكىن. كۆپ سانلىق كىشىنىڭ قارىشى بۇ غايىدىن تۆۋەن تۇرۇشى مۇمكىن. بىراق، ھەر بىر شەخس قەلبىنىڭ چوڭقۇرلىرىدا مۇشۇ غايىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۇرىدۇ. گەرچە، كىشىلەر بۇ غايىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن يەتكىلى بولمايدىغان نىشان ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەرگەندە ئاشۇ غايىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇنداق

ئۆلچەملەر جەمئىيەتتىكى جامائەت پىكرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى بىلدىن يېقىن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇشۇ غايىنىڭ رېئاللىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات دەل جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا قويغان تەلىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنبەدۇر. مەكتەپ مائارىپىنىڭ نىشان تەلەپلىرى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ مەدەنىيىتىنى قوللىمىسا، بۇ مائارىپ باللارنى سىياسىي ئاڭ، ئېتىقاد جەھەتتىن بەكرەك چەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مائارىپنىڭ سىياسىي مۇلازىمەتچانلىقى زىيادە كۆچىيىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك رولى تەبىئىيلا سۇلىشىشقا باشلايدۇ. تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى تەبىئىيلىك، گۈزەللىك، ئىختىيارىيلىق، ئەركىنلىك قاتارلىق قىممەتلىك ئامىللار سۇنئىيلىك، قوپاللىق، مەجبۇرلۇق، مۇستەبىتلىك قاتارلىق سەلبىي ئامىللارغا ئورۇن بوشىتىدۇ. بىر قەدەر پاراللېل مۇناسىۋەت، كىشىلىك ھوقۇق، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ ئورنىغا دەرىجىلىك ھوقۇقنى تەكىتلەش-تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ گېپىگە شەرتسىز بويسۇنۇشىنى تەكىتلەش تولىمۇ تەبىئىي بىر ئىش بوپقالىدۇ. باللارنىڭ خاسلىقى ئېتىبارسىز قارىلىدۇ، ھەتتا خەتەرلىك دەپ قارىلىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى تونجۇقۇشقا يۈز تۇتىدۇ. بولۇپمۇ پەلسەپىسى كونترول قىلىنغان مائارىپتا تەنقىدىي روھ يېتىلدۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ئائىلە مەدەنىيىتىدىن چېگرا ئاجراتقان مائارىپتا تەربىيىلەنگەن باللاردا كۆپىنچە ھالدا مائارىپنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سەلبىي تەسىرى گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ: مەدەنىيەتكە قارشى پوزىتسىيىدە بولىدۇ. بىلىم جەھەتتىن دەۋر تەرەققىياتى تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. مېڭە ئىشلىتىش ئادىتى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ئىجادچانلىقى يوقىلىدۇ. مائارىپ ئەمەلىيەتچىلىرى بۇنداق سەلبىي تەسىرلەرنى مۇۋاپىق ئىش دەپ قاراپ، ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئىشتىن گۇمانلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەربىيىلىگەن باللار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئاللىقاچان تاماملانغان بولىدۇ. دېمەك، مەكتەپ مائارىپى نىشانى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ مەدەنىيىتىنى قوللىمىسا، مائارىپنىڭ تەسىر كۈچى باشقا ئىجتىمائىي تەسىرلەرگە نىسبەتەن تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش، ئائىلە تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا بىھۇدە سەرپ بوپكېتىپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر، داڭلىق پېداگوگ، ماتېماتىكا ئالىمى بېرتراند روسسېل(1872-1970): «ئەگەر بىز باللارنى ئويلىساق، مائارىپتا باللارنى ئۇ ياكى بۇ پارتىيە-گورۇھقا كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلماي، بەلكى ئۇلارنى ئىككى گورۇھ ئارىسىدا ئاقىلانە تاللاتقۇزۇشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئويلىغاننى ئويلاتقۇزماي، ئۆزىنى مۇستەقىل ئويلاتقۇزۇشىمىز لازىم. ئەگەر بىز باللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھۆرمەت قىلساق، مائارىپنى سىياسىيدىكى قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بىز باللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھۆرمەت قىلساق، باللارنى مۇستەقىل قاراش شەكىللەندۈرۈشكە زۆرۈر بولغان بىلىم ۋە ئىدىيە ئادىتى بار قىلىپ تەربىيىلىشىمىز لازىم . بىراق، مائارىپ بىر خىل سىياسىي تۈزۈم بوپقالغاندا، مائارىپ ئادەت شەكىللەندۈرۈش ۋە چەكلىمىلىك بىلىمگە ئامال ئىزدەيدۇ. ئادەملەرنى ئوپمۇ ئوخشاش كۆزقاراش شەكىللەندۈرۈشكە ئامال ئىزدەيدۇ»[6] دېگىنىدە، ھۆكۈمران گورۇھلارنىڭ مائارىپنى مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈشتىكى شەكىلسىز «چاكار»غا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. بىز پېداگوگىكا ئىلمى تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، دۇنيا تارىخىدىكى كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر، پېداگوگنىڭ مائارىپ بىلەن مىللىي تىل، ئېتىقاد، ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە، مائارىپ بىلەن مىللىي مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئاجايىپ يارقىن، ئەمەلىيەتچىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرىمىز.

سوقرات(م ب 469- م ب 399) ئوقۇتۇش سەنئىتىنى تۇغۇت ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاتقان. تۇغۇت ئانىسى بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ماسلاشقاندەك، ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم، ئوقۇم ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ياردەم قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر كەمتەرلىك ۋە ياردەم قىلىش سەنئىتىدۇر.

يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى پېداگوگلاردىن ئۇشىنسكىينىڭ پۈتراۋى مائارىپنىڭ مىللىيلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىر پۈتۈن سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، «تارىختا شەكىللەنگەن ھەر بىر مىللەت پەرۋەردىگارنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل ياراتمىشىدۇر. مائارىپ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى مىللەت ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت مول ۋە ساپ بولغان ‹بۇلاق›تىن قوبۇل قىلىشى كېرەك»[7]. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ مىللىيلىكى ئىنتايىن مۇھىم. مىللىيلىكى بولمىغان مىللەت روھسىز تەندۇر. بۇنداق مىللەت پەقەت زەئىپلەشكەن، مەغلۇپ بولغان قانۇنىيەتكە ئىتائەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاۋاتقان باشقا «تەن»- مىللەت ئىچىدە يوقىلىدۇ. مىللەت مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەن ئىگىلىشى كېرەك. مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ھاياتلىق قاراشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلسا بولىدۇ. بىراق، مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتسا، ئۇ باشقا مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بوپكېتىدۇ.

ئۇشىنسكىينىڭ قارىشىچە، پۈقراۋى مائارىپ ئائىلە تەربىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئائىلە مىللەتنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرى ۋۇجۇدىدا مۇشۇ مىللەتنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ پۈقراۋى مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە فاكچىن- يۆنىلىشىگە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى شۇ جەمئىيەتنىڭ پۈقراۋى مائارىپقا بولغان پوزىتسىيىسى، جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولغان مائارىپ چۈشەنچىسى ماھىيىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى بەلگىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە،

جەمئىيەتتىكى جامائەت پىكرىنىڭ ئىپادىسى قانچە ئېنىق بولغانسېرى، پۇقراۋى مائارىپ سىستېمىسى ماھىيىتىنىڭ بۇ خىل جامائەت پىكرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىنلاشقانسېرى پۇقراۋى مائارىپ شۇنچە مۇكەممەللىشىپ ۋە كونكرېتلىشىپ، مىللىي خاسلىق گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇشىنسكىي مائارىپنىڭ مىللىيلىكىنى تەتقىق قىلغاندا، مىللەتلەردە مەۋجۇد بولغان بەزى ئورتاقلىقلارنى ئىنكار قىلمىغان. ئەمما ئۇ: «بىر مىللەتكە نىسبەتەن باشقا مىللەتكە ئوخشىماسلىق دەل شۇ مىللەت مائارىپىنىڭ ئۇلى ـ مائارىپىنىڭ مەقسىتى ۋە يۆنىلىشىدۇر. شۇڭا، مائارىپقا ئائىت ھەرقانداق قائىدە ـ قانۇنىيەتنى بەلگىلەشتە چوقۇم مىللەت ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇنداق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. مىللىيلىكنى نېگىز قىلغان مائارىپ سىستېمىسىنى ئاشۇ مىللەت ئۆزلىرى ياراتقاندا ۋە ئورناتقاندا، بۇ خىل مائارىپ سىستېمىسى مىسلىسىز مائارىپ قۇدرىتىگە ئىگە بولىدۇ. مائارىپ پەقەت مىللىي مائارىپ بولغاندىلا، مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى مۇساپىسىدىكى ئاكتىپ ئامىل بولالايدۇ»[8] دېگەن.

ئۇشىنسكىي پۇقراۋى مائارىپنىڭ مىللىيلىك پرىنسىپى ھەققىدە مۇنداق قارىغان: «بىرىنچىدىن، ئەمەلىيەت ياكى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن، بارلىق مىللەتكە ماس كېلىدىغان ئورتاق سىستېما مەۋجۇد ئەمەس. بۇ نۇقتا چوقۇم ئېتىراپ قىلىنىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مائارىپ سىستېمىسى بولىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى ئارىيەت ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مائارىپ نەزەرىيىسى، تۈزۈمى ياكى فاكۇلتېتى بولسۇن ھەممىسى شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى، شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر. باشقا مىللەتنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ. بىراق، ئەينەن كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، پېداگوگىكا پەن ئەمەس بەلكى سەنئەتتۇر. ئۇ بارلىق سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ كەڭ، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ زۆرۈر بىر خىلدۇر. شۇڭا، پەن بىلەن مائارىپنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن، مىللەتنىڭ تىلى مىللەتنىڭ مۇكەممەل بولغان جانلىق ئىجادىيىتى. مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى. تىلدا بىر خەلقنىڭ بارلىقى ـ ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ. تىل مىللەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللەتنىڭ تىلى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنىنى باغلاپ تۇرىدۇ. تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچەكتىكى ئەۋلادلىرىنى مۇستەھكەم پۈتۈنلۈككە، تارىخىيلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئىگە قىلغۇچى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاسىتىدۇر. شۇڭا، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئوقۇتۇشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك»[9].

ئامېرىكىلىق مائارىپ ئالىمى، ئەمەلىيەتچىلىك مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر پېداگوگ جون دېۋېي(1859ـ1952) «مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى يوق. پەقەت ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئاندىن ئۇنىڭ مەقسىتى بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق، مائارىپنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە: «مائارىپ پەلسەپىسى تۈزۈملۈك تۈزۈمسىز، تاسادىپىي ۋە ئاڭلىق تەربىيە شەكىللىرى ئارىسىدا مۇۋاپىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەسىلىسىنى چوقۇم ھەل قىلىشى لازىم»[10] دېگەن. بېرتراند روسسېل ئالتە ياشتىن بۇرۇن بالىلارغا پەزىلەت تەربىيىسىنى مۇكەممەل ئېلىپ بېرىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيىدە مەكتەپ ئاساسلىق زېھنىنى بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىشنى، كېيىنكى پەزىلەت تەربىيىسىنى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئادەمنىڭ روھقا باغلانغانلىقى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى بولۇپ، ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋىللىيام جامۇس(1842ـ1910) 1902ـ يىلى: «ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا بىئولوگىيىلىك ئوقۇملار ۋە سەزگۈ ئەزالارنىڭ قانائەتلىرى ئارقىلىقلا ئىزاھلىغىلى بولمايدىغان تەرەپلەر بار. شۇڭا، بۇنداق ھالقىما قىممەتلەرنى باشقا ھادىسىلەر ئارقىلىق چۈشەنمەك بولىدۇ»[11] دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن، ئامېرىكىلىق گېنشۇناس ئالىم سپېنكېر ۋېللېس: «بۇگۈنكى كۈندە يەر شارىدىكى نۇرغۇن ئىپتىدائىي قەبىلىدە ئىلاھقا بولغان چەكسىز ئېيمىنىشنى كۆرەلەيمىز. بۇ بىر مەدەنىيەت گېنىنىڭ ئۆتۈشۈشىدۇر»[12] دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئاڭنىمۇ ئېرسىي شەيئى دەپ قارىغانلىقىنى چۈشىنىمىز. ئېتىقاد مەيلى ئېرسىي شەيئى بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي شەيئى بولسۇن، ئۇنىڭدا ئەڭ گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرى بار. ئەخلاق بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، گېرمان مۇتەپەككۇرى، پەلسەپە ئىلمى دوكتورى ماكس خوركخېيمېر (Max Horkheimer, 1895ـ1973): «ئادەتتە ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنى دەھرىي سەۋەبلەرگە مەنسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا ئىلاھىيەتكە تەۋە بولۇشى كېرەك»[13] دېسە، ياپونىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر، ئوبارا كۇنيوشى(1887ـ1977) : «دىن بىلەن ئەخلاقنى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم دەپ قارىغاندا، ئەخلاق ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ھەقىقىي ئېسىل ئەخلاقنى نىشانلىساق، ئىككىسى بىرلىشىپ كېتىدۇ» دەيدۇ. ئارنولد سپرايگېرمۇ: «ئېتىكىنىڭ يىلتىزى دىنىي ئېتىقادتا» دەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىنمۇ، تارىختىكى مۇتەپەككۇرلەر، پېداگوگلار مائارىپ بىلەن دىننى باغلاپ قارىغان. تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى يۇنۇس ئەمرە (1240ـ1320):

«ئىلىم ئىلىم بىلمەكتۇر،
ئىلىم ئۆزنى بىلمەكتۇر.
ئوقۇماقتىن مۇراد نە؟
كىشى ھەقنى بىلمەكتۇر»[16]

دەپ يازغان بولسا، گېرمان مۇتەپەككۇرى، ئىجتىمائىيەتشۇناس ئالىم ماكس ۋېبېر(1864ـ1920) مائارىپنى مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىغان: «بىرىنچى، كامالەتكە يەتكەن

ماقارىپ. بۇنىڭدا دىنىي ئىلھامنى ئويغىتىپ، تەربىيلەنگۈچىلەرنى مىسچانلىقتىن خالىي بولغان، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈشنى باشتىن كەچۈرىدىغان مەنزىلگە قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ ئىچكى ــ روھىي دۇنياسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىككىنچى، مۇتىۋەر، ئاقسۆڭەك ـ تۆرىلەرنى تەربىيلەيدىغان ماقارىپ. ئۇنىڭدا، جەمئىيەتتىكى ئابروي، ئورۇن ئالاھىدە قەدىرلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئىختىساس ماقارىپى. ئۇنىڭدا ھەر خىل ماھارەت ۋە قول ھۈنەرۋەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ»[17].

بۇ قاراشلار ئاشۇ ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىلىم تەتقىقاتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ھالبۇكى، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئېتراپ قىلىنىشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كەتتى. بولۇپمۇ ئېتىقادنىڭ كىشىلەرنىڭ تەربىيلىنىشىگە بولغان ئەجايىپ تەسىرى بەكمۇ كېچىكىپ ئېتراپ قىلىندى. گەپنى سەل باشتىن باشلىساق، غەرب دۆلەتلىرىدە سانائەت ئىنقىلابى ۋە دارۋىن (1809ـ1882) تەلىماتىدىن كېيىن تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتى زور ئېتىبارغا ئېرىشىپ، تەبىئىي پەنلەر قانۇنىيەتلىرى كىشىلەر قەلبىدە قىل سىغماس ھەقىقەت بوپقالدى. پەلسەپىدە لوگىكا دەلىلچىلىكى (逻辑实证主义，逻辑经验主义，逻辑新) مودا بولدى. پەلسەپىدىكى بۇنداق پەنچىلىك نەزەرىيىلىرىگە يانداشىپ، روھىيەتچىلىككە قارشى مۇقام تۇۋلاندى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ماقارىپتا پەنچىلىك ئېقىمى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، ماقارىپ پائالىيىتى ئېتىقاد ئامىللىرىدىن چەتلەپ كەتكەنىدى.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇنداق دەھرىيلىشىش يۈزلىنىشىگە قارىتا بالدۇرلا پىكىر بايان قىلىشقانلىقى مەلۇم. مۇتەپەككۇر، قانۇنشۇناسلىق دوكتورى، بۈيۈك ئەدىب گېئوتې (1749ـ1832) نىڭ «فائۇست» دېگەن ئەسىرىدە پېرسوناژى مېفىستافېل تىلىدا بېرىلگەن مۇنۇ قۇرلىرىدىن بۇ خىل مەنىنى ھېس قىلىش مۇمكىن:

«ئىنسان كائىناتتا بىر كىچىك خۇدا،
ئۇ شۇنداق يارالغان ئەسلىي باشتىلا.
ئۇ بەلكى تۈزۈكرەك ياشار ئىدى بۇ كۈن،
سالمىغان بولساڭ سەن كۆڭلىگە ئۇچقۇن.
ئۇ ئۇشبۇ ئۇچقۇننى «ئەقىل» دەپ ئاتار،
كۆپىنچە شۇ سەۋەب ھايۋاندىن بەتتەر.
بىر ـ كۆچمە كىرپە سەن ئاڭا گۈزەل ئاتلىق
ياشايدۇ بىرلىكتە سىلى ھاشارات.
خۇددى چېكەتكىدەك ئوت ـ چۆپلەر ئارا
گاھ ئۇچار، گاھ سەكرەر، گاھ قىلار نىۋا.
مىڭلى ئىدى يۇرسە ماكانىدا جىم،
ھەر نىشتا تۇمشۇقىنى تىقار ئۇ، ئەجەبا!!!»[18]

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇنداق غۇلغۇلا تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەڭ دەسلەپ گېرمانىيىدىكى مېخسى سۇزۇك پەيلاسوپلار، پېداگوگلار «بىز ئادەم ئىزدەۋاتىمىز» دەپ چۇقان سېلىپ، ماددىي دۇنياغا باراۋەر تاقابىل تۇرالايدىغان مەنىۋى دۇنيا ئىزدىدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر خىل «روھ ئىلمى پېداگوگىكىسى»(精神科学教育学)نى تەشەببۇس قىلدى. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ، ماقارىپشۇناس، «يېڭى توماسىزم ماقارىپى» پىكىر ئېقىمىنىڭ يولباشچىسى مارىتايىن (Jacques Maritain ,1973ـ1882): «تۇرمۇشتىكى قالايمىقانچىلىق كىشىلەرنىڭ روھ، ئەخلاق ۋە دىننى بىلمەسلىكىدىن بولىدۇ. ئەخلاقىي جەھەتتىن قايتا تەربىيلىنىش كېرەك»، «بىزنىڭ ئىدىيىدىكى بۇزۇلۇش ۋە مەغلۇبىيىتىمىز ھەرىكەت جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە مەغلۇبىيىتىمىزدىن تېخىمۇ روشەن بولۇۋاتىدۇ... خاتا ۋە ئىنسانىيلىقنى يوقاتقان پەلسەپە تەسىرىدىن ئەقلىيلىك قۇدرىتىنى يوقاتتى. يۆنىلىشىدىن ئېزىپ قالدى... ئەقىل ۋە ۋىجدان جەھەتتىكى بۇ خىل مەجرۇھلۇقنى جىددىي كېرەك بولۇۋاتقان دىنىي ئېتىقادنىڭ گۈللىنىشى، ئاقىلانە ئەخلاقنىڭ قۇدرىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ساقايتىش كېرەك»[19] دېدى. ئامېرىكىدىكى ئاملىچىلىق پېداگوگلىرى: «ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدە ئۆزگەرمەيدىغان ئورتاق ئامىللار بار. بۇ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى» دېيىشتى. فرانسىيىدىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىلا «ئورتاق قىممەتنى قايتا ئىشلەپچىقىرىش» پىكرى شەكىللەندى ۋە «ماقارىپنىڭ ئاساسلىق رولى ئوقۇغۇچىلارغا جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەخلاق قىممىتىنى سىڭدۈرۈش» دېيىلدى. مەۋجۇدىيەتچىلىك ماقارىپ پىكىر ئېقىمىدىكىلەر: «بىلىمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قاراشتا ئۇنىڭ شەخسكە بولغان سۇبيېكتىپ قىممىتىگە قاراش كېرەك» دەپ قارىدى. بۇنداق پىكىر يۈزلىنىشلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىزغىن تەتقىقات يۈرگۈزگەن باشقا پېداگوگلارنىڭ تەشەببۇسلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، جون دېۋېينىڭ ماقارىپ قاراشلىرىمۇ خېلى زور دەرىجىدە دىنىي كەچۈرمىش نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق تولۇقلانغانىدى. ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر پېداگوگ ۋايىدخېد(1861ـ1947)، ياپونىيە پېداگوگى ئوبارا كۇنيوشىلارنىڭ قارىشىدىمۇ شۇنداق مەزمۇنلار مۇۋاپىق ئورۇن تاپتى. 19 ـ ئەسىردە پروتېستانت دىنى مۇرتلىرى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە دىنىي تەربىيىنى قالدۇرۇۋېتىشنى بىر دەك ماقۇللىغان بولسا، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا «دىنىي تەربىيىگە قايتىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە دىن غەرب ئاساس ماقارىپىغا يېڭى مەزمۇن بولۇپ قايتىدىن قوشۇلدى.

يۇقىرىقى ماقارىپنىڭ مىللىيلىكى، ئاساس ماقارىپتا ئانا تىلنىڭ رولى، ماقارىپ بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ، ئېتىقاد بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تا بۈگۈنگىچە ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون گۇدىراد: «مەدەنىيەتنى بوش قالدۇرۇپ قويغان ماقارىپ مەۋجۇد ئەمەس»[20] دېسە، ياپونىيە بۇددا دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ھوللاندىيە يەرشارى تىنچلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى، سىستېما ئىلمى، ئورمان سىياسەتشۇناسلىقى، ئاشلىق سىياسەتشۇناسلىقى، دۆلەت

زېمىنى سىياسەتشۇناسلىقى، مەدەنىيەت نەزەرىيىسى، ئالەم نەزەرىيىسى، مۇھىت نەزەرىيىسى، مائارىپ نەزەرىيىسى... قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلىم ساھەسىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن مەشھۇر ئالىم ئەنگىن جۇلاڭ(岸根卓朗): «ھەقىقىي مائارىپ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئەلا ـ ناچارلىق تالىشىدىغان مائارىپ ئەمەس، بەلكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرىدىغان مائارىپتۇر»[21] دەيدۇ. ياپونىيە ئالىمى جياۋتيەن جۇڭشىن(角田忠信)نىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى مىللەتنىڭ تەبىئىي ئاۋازلار(مۇزىكا ۋە باشقا ئاۋاز)نى مەنىلىك ياكى مەنىسىز بىرتەرەپ قىلىش، ئانا تىلىدىكى تاۋۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئوڭ مېڭە ياكى سول مېڭە ئۈستۈنلىكى پەرقلىق بولىدىكەن. ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ئوخشىمىغانلىقتىن، مۇزىكا، تەسۋىرىي سەنئەت، ئەدەبىيات قاتارلىق مەدەنىيەت پەرقى، تەپەككۇر پەرقى كېلىپ چىقىدىكەن. بۇ خىل پەرق ماھىيەتتە يەنىلا ئوڭ ۋە سول مېڭىنىڭ ئۈستۈنلۈك پەرقى بولۇپ، مائارىپ ئاشۇ ئۈستۈنلۈك ۋە كەملىكنى ئويلىشى كېرەك ئىكەن. ئەنگىن جۇلاڭ «مېنىڭ مائارىپ قارىشىم ـ ھەقىقەت، ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەللىك بىر گەۋدىلەشكەن مائارىپ» دېگەن كىتابىدا جياۋتيەن جۇڭشىننىڭ يۇقىرىقى يەكۈنلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ ھەمدە غەربلىكلەرنى سول مېڭە تىپلىق مىللەت، شەرقلىقلەرنى ئوڭ مېڭە تىپلىق مىللەت، ياپونلارنى بولسا ئوڭ ۋە سول مېڭىسى ماسلاشما تىپلىق مىللەت دەپ يەكۈنلەيدۇ. ئەنگىن جۇلاڭ يەنە: «ئانا تىلنى تاشلىۋېتىش مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇدۇل يولى»[22] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۆز دەۋرىدە ۋايىدخېد: «دىنىي مائارىپ تەربىيلەنگۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىغا ئېرىشىل، سەممىي بېتەكچىلىك قىلىدىغان مائارىپ»[23] دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيىلىك مائارىپشۇناس كلىۋې بېك(Clive Beck)مۇ: «دىنىي بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشنى يېڭىشمۇ دىنىي تەربىيىنىڭ مەقسىتىنىڭ بىرى»[24] دەيدۇ. ھازىرقى زامان ئامېرىكا مائارىپشۇناسى ج. ف. كاردنېرمۇ: «بىزنىڭ بالىلارغا تەربىيە بېرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز ئۇلارغا مەنىۋى قىممەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر بايقاتقۇزۇش. بۇ خىل قىممەت دەل ئېتىقادتۇر... ھەقىقىي مائارىپ ھەممىشە قەلب ۋە روھنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاشنى ئىزدەيدۇ»[25] دەيدۇ. ئەنگىن جۇلاڭ ئۆز كىتابىدا «ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مائارىپى چوقۇم ھەقىقەت ئىزدەيدىغان پەن، ئاق كۆڭۈللۈك ئىزدەيدىغان دىن ۋە گۈزەللىك ئىزدەيدىغان سەنئەت بىر گەۋدىلەشكەن ئىلمىي مائارىپ يۆنىلىشىدە تەرەققىي قىلىشى كېرەك» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرى كىرىش سۆزىگە ياپونىيىنىڭ سابىق مەدەنىيەت ۋەزىرى، تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى دېڭسۇن شىنشياۋ(町村信孝)(1998 ـ يىل): «بۇ ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مائارىپنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى بوپقالىدۇ. بۇ، مەڭگۈلۈك مائارىپ ئىدىيىسىدۇر»[26] دەپ يازىدۇ. توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساتو مانابۇنىڭ تەھلىلىچە، يۇقىرىقى مائارىپنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى قاتلام، يەرشارى يۇقىرىسىنىڭ مائارىپى. ئىككىنچى قاتلام، دۆلەت جەمئىيىتىدىكى يۇقىرىنىڭ مائارىپى. ئۈچىنچى قاتلام بولسا، رايون جەمئىيىتىدىكى يۇقىرىنىڭ مائارىپىدۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى: 21 ـ ئەسىر كۆپ خىل ھەزارەت تەڭ مەۋجۇد بولىدىغان دەۋر. شۇڭا، مەكتەپلەر مۇشۇ ئۈچ قاتلام زىچ بىرىككەن يۇقىراۋى مائارىپ يولىغا مېڭىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلار غەرب مائارىپشۇناسلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيەتلىرى ۋە مائارىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە، ئۆز ئەمەلىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئەينى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا قويغان ئىزدىنىش ـ قاراشلىرى بولۇپ، جەت ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا «شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى تاللاش»، «ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلىدە بولىمىز، ئەلۋەتتە.

بىز نۆۋەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى ئاساس مائارىپ ئىدىيىسى يۈزلىنىشىدىن دېموكراتىيىلىشىش، خاسلىشىش ـ مىللىيلىشىش، مۇۋاپىق شەكىل ۋە مەزمۇندا ئېتىقاد تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، مائارىپنى كۆندىلىك تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلالايمىز. بۇنداق يۈزلىنىشلەر نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ بىردەك ئىنتىلىش نۇقتىسى بولغان «ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ»، «مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ »ۋە «ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ » نەزەرىيىسىدە ئەكس ئەتتى.

«ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ»(开放教育) ئوقۇمى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئوچۇق ـ ئېچىۋېتىلگەن بولۇش بىر خىل ۋاستە ئەمەس، ئەندىزە تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مائارىپنى رېئاللاشتۇرۇشتىكى بىر خىل چۈشەنچە، بىر خىل مائارىپ پەلسەپە قارىشى، ئوقۇغۇچىلارنى مەركەز قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مائارىپ قارىشىدۇر. ئۇ ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىدە كەڭ تەرەققىي قىلغان. «قورۇ تېمى يوق مەكتەپ » ئېچىۋېتىلگەن مائارىپتىكى ئەڭ دەل ئوخشىتىشتۇر. ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ ئوقۇمى ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ـ ئەركىن مائارىپنى رېئاللاشتۇرىدىغان ۋاستىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مەكتەپ ماكان(ئورۇن)، زامان(ۋاقىت)، ئىلمىي خادىملار، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەركىن بولىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ تەشەببۇسى بويىچە، مائارىپ تۇرمۇشقا ئېچىۋېتىلىدۇ، تۇرمۇش بىلەن بىرلەشتۇرۇلىدۇ؛ مائارىپ جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلىدۇ ـ مەكتەپنىڭ جەمئىيەتتىن يىراق تۇرىدىغان دۇملەنمە ھالىتى يوق بولىدۇ؛ مائارىپ ئەمەلىيەتكە ئېچىۋېتىلىدۇ. بالىلار ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ؛ مائارىپ دۇنياغا ئېچىۋېتىلىدۇ. بالىلارنىڭ نەزەرى تار گۈرۈھ نۇقتىسىدا توختاپ قالماي، ئۇلار دۇنيانى چۈشىنىدۇ ـ بالىلارنىڭ «نەزەر كۆزى»دۇنياغا ئېچىۋېتىلىدۇ؛ مائارىپ كەلگۈسىگە ئېچىۋېتىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلاردىن بالىلارنىڭ مېڭىسى، قولىنى ئازاد قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ ئوقۇمى بويىچە، ھەر بىر مەكتەپنىڭ ئۆزىنىڭ مائارىپ نىشانى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى تەربىيە نىشانىغا ئاساسەن تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ بويىچە لايىھىلەنگەن مەكتەپنىڭ ھەممە

يەردە تەربىيە ماكانى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەمكارلىق، دېموكراتىيە، قانائەت، ئىلھام بولىدۇ.

« «مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ» (跨文化教育) دۇنيا مائارىپىدىكى يېڭىچە پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى «كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مائارىپى» (多元文化教育)دىن ھالقىغان، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆتۈشۈشى شەكلىدىكى مائارىپتۇر. ئۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ پەرقىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى، چۈشىنىشى، ئۆگىنىشىگە دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى يادرولۇق قىممەت شۇكى، مائارىپتا مەدەنىيەتلەر پەرقىنى راۋا كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش كېرەك؛ ئاساسىي ئېقىم بولمىغان مەدەنىيەتلەرمۇ چوقۇم ئېتىبارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ خاسلىقى بولىدۇ. بۇ خىل پەرقلەر ھۆرمەتلىنىشى ۋە ئۆگىنىلىشى كېرەك. مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپنىڭ مەقسىتى مائارىپ ئارقىلىق ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئارىسىدىكى پەرقلەرنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتلەر پەرقىنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىش، ئوخشىمىغان تۇرمۇش شەكىللىرىنى تاللاشنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، ئۆزئارا ئۆگىنىلىشى ۋە سىڭىشىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيىتى، ھەرىكىتى ۋە ئۆگىنىش شەكلىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەك. دەرس لايىھىلەش ۋە ئوقۇتۇش جەريانىدا چوقۇم ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئويلىشىشى، ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان مەدەنىيىتى سەۋەبلىك كەمسىتىلمەسلىكى ۋە چەتكە قېقىلماسلىقى كېرەك.

مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپنى قانات يايدۇرۇشتا مەكتەپلەرنىڭ مۇنداق كونكرېت تەدبىرلىرى بولىدۇ:

1. مەكتەپلەر چوقۇم خەلقئارا مائارىپ تەشكىلاتى تەمىنلىگەن خەلقئارا مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى يىغىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئاساسىدا مۇناسىپ تەربىيە ۋە دەرس ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

2. پەقەت ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ ئېڭىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن مەكتەپلەردىكى مەدەنىيەت ھالقىغان دەرسلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولغان بولىدۇ. شۇڭا مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا چوقۇم مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ ھەققىدە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

3. مەكتەپلەر مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، رەھبەرلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن باپباراۋەر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار مەكتەپلەر دۆلەت ھالقىغان زىيارەت ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشلارنى يولغا قويسا بولىدۇ.

4. مەكتەپلەر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت كوللېكتىپلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. بۇنداق كوللېكتىپلارنى مەكتەپلەرگە كېلىپ ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

5. مەكتەپلەر چوقۇم چەت ئەللەر تىللىرى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك. «قوش تىل» تەربىيىسى ياكى كۆپ تىل تەربىيىسى ئارقىلىق ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ پەرقىنى تېخىمۇ ئېچىۋېلىپ چۈشەندۈرۈشى، ھەر خىل مەدەنىيەتنى چۈشىنىشنى ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك» [27].

«ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ» (优质教育, quality education) كونا چۈشەنچە بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ مەنىسى كۆندىن- كۈنگە ئىلمىيلىشىپ، يېڭىلىنىپ بېرىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، ب د ت مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى پەقەت ئىنسان ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەلا سۈپەتلىك مائارىپلا كىشىلەرنى رازى قىلىدىغان سۈپەتكە ئىگە بولالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بالىلارنىڭ قەدىرلىنىشى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ نېمىلىكى بولۇپ، بالىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مۇناسىپ مەۋجۇدلۇق ھالىتى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەرلەشنىڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر. بالىلارنىڭ ئىچكى قىممىتى ھۆرمەت قىلىنغاندا ۋە چوڭلار بىلەن ئوخشىمىغان خاس قىممەتكە ئېرىشكەندە ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ياشاش ھوقۇقى، ئىزدىنىش ھوقۇقىدىن تەبىئىيلا بەھرىلەنگەن بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىممىتىگە سەل قارىلىپ، ئۇلار قوشۇمچە قىممەتكە- قوراللىق قىممەتكە تەۋە بوپقالسا، پاسسىپ ھالەتتە چوڭلارغا بويسۇندۇرۇلسا، ئۇلار پەقەت قورال ئورنىدا تۇرغان بولىدۇ. ئىزدىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ. پەقەت پاسسىپ ھالدا چوڭلارنىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، «ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ھوقۇقى ھۆرمەتلەندىمۇ- يوق؟ قىسمەن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مايىللىقى ئىنكار قىلىنامدۇ- يوق؟ دەرس ۋە دەرسلىك ئادىل، دېموكراتىكمۇ- يوق؟ تەربىيە جەريانى دېموكراتىكمۇ- ئەمەسمۇ؟ ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان قىممەت كەڭ چۈشىنىلەمدۇ- يوق؟ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى ئازايتىلدىمۇ- يوق؟ تىنچلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدىمۇ- يوق؟ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، مەكتەپ ئىچىدىكى قۇرۇلمىلار ۋە باشقۇرۇش دېموكراتىكمۇ- قانداق؟ ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش پۇرسىتى كۆپەيتىلدىمۇ- يوق؟ مەكتەپتىكىلەر ئۆزئارا ھۆرمەتلىشەمدۇ- يوق؟ مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىق ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ- يوق؟... دېگەن مەسىلىلەر ... ئەلا سۈپەتلىك مائارىپنى ئۆلچەرلەشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان تەرەپلەردۇر»[28].

ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ ئۆگەنگۈچىلەرگە دائىرىسى كەڭ بولغان قىلىم- ھەرىكەت، ئىدىيە شەكلى ئىگىلىتىشنى ئىزدەيدۇ ھەم ئۆگىنىشنىڭ تەجرىبە، تىل، مەدەنىي ئادەت، تەبىئىيلىك، شەخس ئالاھىدىلىكى، تاشقى مۇھىت ۋە قىزىقىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. جىنس، تىل، دىن ياكى ئىرق قاتارلىق پەرقلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

بارلىق ئوقۇغۇچىنى ھەرقانداق تەشكىللىك ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇپ نەپكە ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ ئۇقۇم بويىچە، ھەر بىر ئۆگەنگۈچى ئۆزى ئۆگىنىدىغان نەرسىنى مەكتەپكە بىللە ئەكىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ـ كېچمىلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېتىلىشىدە قىممىتى زور. بۇ ماھىيەتتە، ئوقۇغۇچىلاردىكى پەرقنى پەيدا قىلىدىغان ئامىل. مائارىپ ئەنە شۇ پەرقنى ئېتىبارغا ئېلىشى كېرەك. مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپتا پەننىيلىك بىلەن بەشەرىيلىك، نەزەرىيە بىلەن ماھارەت، ئۆگىنىش بىلەن ئىجادىيەت، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن خەلقئارالىق بىرلىشىشى كېرەك. پۈتكۈل تەربىيە جەريانىدا ئوقۇغۇچى مەركەز قىلىنغان ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى قوللىنىلىشى كېرەك. ئۆگىنىش مۇھىتى ئادەمنى رازى قىلالىغۇدەك پاكىز بولۇشى ۋە ئاممىۋى تازىلىق ئەسلىھەلىرى بولۇشى، يېقىن ئورۇندا تېببىي مۇلازىمەت ئورنى، يېمەكلىك ئورنى بولۇشى كېرەك. مەكتەپ سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتتىن ساغلام، بىخەتەر يېتىلىشىگە مەركەزلىشىشى، زۆرۈر ئەسلىھەلەر بولۇشى كېرەك. مەكتەپتە جىنسىي كەمستىش، يېڭى، يۇۋاش ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىش، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ۋە ئەمگەككە مەجبۇرلاشتەك قىلمىشلار بولماسلىقى كېرەك. ماددىي ئۈسكۈنىلەر تولۇق بولۇشى كېرەك. باشقۇرۇش مۇھىتى ئادەمىيلىككە ئۇيغۇن بولۇشى، باراۋەرلىك، دوستانىلىك، ھۆرمەت گەۋدىلىنىشى كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدە مائارىپنىڭ مىللىيلىكى، ئېتىقاد بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزى پىكىر ـ تالاشلار بولدى. شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور خۇدېڭكەي ئەپەندى: «پەلسەپە يىلتىزىنى يوقاتقان مائارىپ تۈزۈمى بۇ مىللەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. پەلسەپە ئاساسى بولمىغان مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئازغۇنلۇق يۈزلىنىشىدىن ساقلاپ قېلىش تەس»[29] دېسە، يەنە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن دوكتور دېڭ جۇۋېي ئەپەندى: «دىنىي مائارىپ دېگىنىمىز، مېنىڭچە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئاكتىپ تەكىتلەش دېگەنلىكتۇر. كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتتە، كەڭ قورساق ياشاشنى بىلىش، ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى شەخسلەر، تەشكىلات، ئىرق ـ مىللەت، دۆلەتلەرنى ھۆرمەتلەش دېگەنلىكتۇر. شۇنداقلا، دىنىي ئېتىقادنى ئىختىيارىي تاللىغاندا، دىنىي ئېتىقادقا بولغان كەسكىنلىك، مۇقەددەسلىك ۋە ساداقەتنى ساقلاپ قېلىش دېگەنلىكتۇر»[30] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مائارىپ ئىلمى دوكتورى تەن چۇەنباۋ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «ئاخىرقى نىشان (终极目标) ـ تەجرىبىدىن ھالقىغان نىشان ئېتىكىلىق تۇرمۇشنىڭ يىلتىزىدۇر. يىلتىز دېگەنلىك ئاساس، سەۋەب دېگەنلىكتۇر. يەنىمۇ چوڭقۇرلىغاندا نېگىز، ھەرىكەت كۈچى دېگەنلىكتۇر. يىلتىزى بار بولغان ئېتىكىلىق تۇرمۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بىرى، ئېتىكىلىق تۇرمۇش ئاساسىنىڭ تولۇق تۈيغۇسى ياكى مەنە تۈيغۇسى بار بولىدۇ. يەنى، ماددىي نەپ ۋە زىياندىن ھالقىپ كېتىدۇ. ئادەم پەقەت ماددىي تۇرمۇش ئىچىدىلا تۇرسا، بۇنداق ھالقىشنى رېئاللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىراق، دىنىي ئېتىقادى بار ئادەملەر ئۆزلىرى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، تەڭرىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالدا چېنىقتۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئاغرىنمايدۇ، ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، گۇمانسىرىمايدۇ. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، تەڭرىنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن ياردەم ۋە بەرىكەت بەرگەنلىكىگە تەسەننا ئوقۇيدۇ. كەمتەر، ئېھتىياتچان بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئېتىكىلىق تۇرمۇش ئاساسىدىكى ھەرىكەت تەبىئىي پەيدا بولىدۇ»[31]. ئۇنىڭ قارىشىچە، «نەزەرىيە جەھەتتىن دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە غايە تەربىيىسى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد تەربىيىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش تامامەن زۆرۈردۇر»[32].

ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بىز مۇنداق ئۈچ خىل يۈزلىنىشكە تىرىشىشىمىز لازىم: بىرىنچىدىن، ئېتىقاد تەربىيىسى بىلەن ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئېتىقاد تەربىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇنى بارلىق تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ياكى ‹روھى› قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرىكى دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە غايە تەربىيىسى قاتارلىق چۈشەنچىلەرگە ئېتىقاد تەربىيىسى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئېتىقاد تەربىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، مائارىپ پائالىيىتىنىڭ تەربىيە ئوبيېكتلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاخىرقى قىممەتكە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تاماملاش كېرەك»[33].

## 3. گۈزەل ئۇتوپىيە

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ياۋروپادىكى دۆلەتلەر پېداگوگىكىسىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىش باسقۇچى بولۇپ، ئاساسلىقى گېرمانىيىدە ھېربارت (1776 ـ 1841) قەلىمىدە سىستېمىلاشقان گېرمان پېداگوگىكا نەزەرىيىسى، روسىيىدە ئۇشىنسكىينىڭ ئىزدىنىشلىرى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى تىرەك قىلىپ شەكىللەنگەن ئەمەلىيەتچىلىك پېداگوگىكا نەزەرىيىسى بىر ـ بىرى بىلەن پەرقلىق رەۋىشتە باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر غەرب دۇنياسىغا نىسبەتەن خرىستىيان چېركاۋىنىڭ دىن قارىشى فېئوداللىق جەمئىيەت فورمىسىنى قوغداشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ، چېركاۋ ئادەمنىڭ ئەسلىي گۇناھكارلىق قارىشى، پەرھىزچىلىك قارىشى، نادانلىق قارىشى، مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇنداق ئاڭ مۇھىتى تەربىيە نىشانى ۋە ئۇسۇلىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مەجبۇرلۇق، مۇستەبىتلىك، تەن جازاسى... دېگەنلەر تەربىيە جەريانىدىكى دائىمىي ئىشلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. گېرمانىيە مائارىپىدا بۇ خىل ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، كۆرسىتىلىشىچە، گېرمانىيىلىك ھانبېر ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى 57 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، «ئوقۇغۇچىلارنى ھاسا بىلەن 911 مىڭ 527 قېتىم، تاياق بىلەن 124 مىڭ 10 قېتىم، سىزغۇچ بىلەن 20 مىڭ 989 قېتىم، قولى بىلەن 136 مىڭ 715 قېتىم، دەرسلىك كىتاب بىلەن 22 مىڭ

763 قېتىم، كاچىتىغا 79 مىڭ بەش قېتىم، ئېغىزىغا 10 مىڭ 235 قېتىم، بېشىغا 1 مىليون 115 مىڭ 800 قېتىم ئۇرغان. بالىلارنى ماش ئۈستىدە 777 قېتىم، ئۈچ قىرلىق ياغاچ ئۈستىدە 613 قېتىم ئولتۇرغۇزغان. 3001 قېتىم ساراڭنىڭ شەپكىسىنى كىيگۈزگەن. 1 مىڭ 707 قېتىم تاياق كۆتۈرگەن»[34]. بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىلارغا مۇنچە كۆپ قېتىم تەن جازاسى بېرىشى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سانلارنى ئېنىق ھېسابلاپ چىقىشمۇ بىر مەسىلە. بىراق بۇ غەربتىكى كۆپلىگەن دۆلەتنىڭ، جۈملىدىن گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەسۋىرىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ خاراكتېرى بەكمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇلار ئابستراكتلىق ۋە سىستېمىلىقنى ئالاھىدە ياقتۇراتتى. ئۇلار بارلىق تۇرمۇش ھادىسىسى ئىچىدىن ماسلىق ۋە مۇناسىۋەت ئىزدەپ، ئۇنى ئابستراكت ئۇقۇم دەرىجىسىگە كۆتۈرەتتى. گېرمانلارغا نىسبەتەن تەبىرى يوق شەيئى مەۋجۇد بولمىغان شەيئى بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ھەر بىر شەيئىنىڭ پەلسەپىۋى تەرىپىنى كۆرەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر بىر ئىشنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن باشلايتتى ۋە ئاخىرلاشتۇراتتى. ئۇلار ئۈچۈن شەيئىلەرنى چۈشىنىشلا كۇپايە ئەمەس، يەنە شەيئىلەرگە ئېنىقلىما بېرىشى، بۇ ئېنىقلىمىغا ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سىستېمىسىدا ئورۇن بېرىشى كېرەك ئىدى. گېرمانلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق زىيادە ئەستايىدىللىق، مۇكەممەللىكنى ئىزدەش ئالاھىدىلىكى، تارىختا ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ يۈكسىلىشىدە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقى چۈشىنىشلىك. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئەينى يىللاردا گېرمانىيىدە پەن ۋە مول بىلىم مائارىپ يېتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىلىمى مول ئادەم بىلەن ياخشى تەربىيىلەنگەن ئادەم ئوخشاش ئۇقۇم ئىدى. گەرچە مائارىپ نەزەرىيىسىدە بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى پەرق ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەرق يوقالغانىدى. بىلىمنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، مەنىۋى ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خاراكتېر تەرەققىياتى، ئادەمنىڭ مەدەنىي تەربىيىلىنىشى قاتارلىقلار گېرمانىيە پېداگوگىكىسىنىڭ ئىككىنچى مەسىلىسىگە ئايلانغانىدى. بۇ خىل قاراش تەسىرىدىن ئەينى يىللىرى گېرمانىيىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇشلۇقىغا ئەڭ ئۇششاق شەيئىلەرنىڭ ئېنىقلىمىلىرى توشۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېرمانىيە يېنا ئۇرۇشىدا فرانسىيىدىن يېڭىلىپ، مۇستەملىكە ئورنىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، گېرمان مىللىتى ئۈچۈن «دۆلەت ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگۈچىسى. شەخس ئەركىنلىكىنى دۆلەت ئارقىلىق رېئاللاشتۇرغىلى بولىدۇ. دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۈتكۈل گېرمانىيىلىكنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى» دەيدىغان دۆلەتچىلىك، كوللېكتىۋىزم، پۈتۈنلۈكچىلىك، ئىتائەتچىلىك، مۇستەبىتلىك ئېڭى مەركىزىي ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. ھېربارت سىستېمىلاشتۇرغان پېداگوگىكا نەزەرىيىسى مۇشۇنداق ئەنئەنە ۋە ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. ئۇنىڭ پېداگوگىكىسىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ نوپۇزى، نازارەتچىلىك قىلىشى، بۇيرۇقى، جازاسى، بالىلارنىڭ بوش ۋاقتىنى ئىگىلىۋېلىشى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولغانىدى. ئۇنىڭدا نوقۇللا بالىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى تەكىتلىنەتتى.

رۇس پېداگوگى ئۇشىنسكىينى فرانسىيە مائارىپشۇناسى، مۇتەپەككۇر روسسو( 1712ـ 1778 )دىن كېيىن، ئامېرىكا مائارىپ ئالىمى دېۋېيدىن بۇرۇن «ئوقۇغۇچىنى مەركەز قىلىش» ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇشىنسكىي ياشىغان دەۋر روسىيىدە سلاۋيانچىلىق ۋە ياۋروپاچىلىق ئىدىيىسى توقۇنۇشۇۋاتقان مەزگىللەر بولۇپ، ئۇ، پۇقراۋى مائارىپنىڭ مىللىيلىككە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى، مائارىپنىڭ بالىلارنىڭ پسخىك ئالاھىدىلىككە ماسلىشىشى كېرەكلىكى، بالىلاردا سەۋرچانلىق، ھەيرانلىق، ياخشى ئادەت، جەسۇرلۇق، مۇستەقىللىق قاتارلىق پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى، پائالىيەت ئىچىدە ئۆگىنىش كېرەكلىكى، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ تىلى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئالدىنقىلارنىڭ قاراشلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى تەبىئىي پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىزدەنگەنىدى. ئۇشىنسكىينىڭ قارىشىچە، گېرمان پېداگوگىكىسى يېتىلدۈرگەن ئادەملەر پەقەت مۇكەممەل بولغان گېرمانىيىلىكلەرلا ئىدى.

ئەمەلىيەتچىلىك مائارىپ ئىدىيىسى تىكلەنگەن مەنىۋى تۇپراق تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ پۇقراۋى مائارىپىدا بىلىمنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە سىستېمىلىقىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئەنگلىيە مائارىپىدا پەن مەقسەت ئەمەس، بەلكى خاراكتېر، ئادەت، تەپەككۇر شەكلى، ھەقىقىي بولغان مۆتىۋەرلىك ئىستىل يېتىلدۈرۈشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىلاتتى. ئەنگلىيىدە ئاساس مائارىپقا نىسبەتەن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش كونتروللۇقى يوق دېيەرلىك بولۇپ، مەكتەپلەرگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. دۆلەت پۇقراۋى مائارىپ ۋە خرىستىيان دىنى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى تەربىيىسىنى ھۆكۈمەت مەسئۇلىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزمىگەنىدى. ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل مائارىپىدىن پەخىرلىنەتتى. ئامېرىكىنىڭ پۇقراۋى مائارىپ ئىدىيىسىگە ئەنگلىيىدىن تۇنجى تۇركۈمدە كەلگەن كۆچمەنلەر ئۇل سالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ مائارىپقا نىسبەتەن يۈكسەك ھۆرمەت بار ئىدى. ئۇلاردىمۇ ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ بىرتۇتاش كونتروللۇقى ئاز ئىدى. ئەمەلىيەتچىلىك مائارىپ ئىدىيىسى پۇقرالىق ھوقۇق ئېڭىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارغا تولۇق دېموكراتىك ھوقۇق بېرىش مەۋقە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ھېربارتنىڭ نەزەرىيىسى تولىمۇ ئىلمىيسىزلىك ھېسابلىناتتى. دېۋېينىڭ نەزەرىدە، ياخشى بولغان مائارىپ نىشانى چوقۇم تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە كېيىن ئېرىشكەن ئادەتلىرىنى نېگىز قىلىشى. ئۇلارنىڭ ئېرسىي ماھىيىتى، ئۆز پائالىيىتى، ئىقتىدارى، ئادىتى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈشى، چوقۇم تەربىيىلەنگۈچىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىققا پايدىلىق بولۇشى، ئۇنىڭدا بالىلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئازاد قىلىش، تەشكىللەشكە پايدىلىق مۇھىت ئىپادىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ: ھېربات نەزەرىيىسىدە ھەممە مەزمۇن

سۆزلەنگەن، بىراق باللار ھەققىدە ھېچنېمە دېيىلمىگەن. باللارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا پۇرسەت بېرىش نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. ئۇنداق ياكى مۇنداق ماتېرىياللار باللارغا تاشقى جەھەتتىن مەجبۇرلانغان. ھېرباتنىڭ پسىخولوگىيىسىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىسى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پسىخولوگىيىسىدۇر دېگەندى.

جۇڭگو مائارىپى ئۇزاق مەزگىل فېئوداللىق ئەندىزىنى مۇستەھكەملەپ كەلگەن بولۇپ، 1901 ــ 1911 ـ يىللىرىدا، ياپونىيە مائارىپىدىكى غەربلىشىش، ئۆزىگە قايتىش، ئۆزلەشتۈرۈش ـ تاسقاش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا پېداگوگىكا نەزەرىيىسىنى ياپونىيىدىن كىرگۈزۈش ـ ئۆگىنىش بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ چاغلاردا ياپونىيىمۇ ھېربات پېداگوگىكىسىنى «ھەزىم» قىلىۋاتاتتى. كېيىنكى يىللاردا جۇڭگو غەرب ئىدىيىسى بىلەن ئۇچراشتى. 1917 ـ يىلى دېۋېي مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ئەگەشكۈچىسى ۋ. ھ. كىلپاترىك (1871 ـ 1965)، 1919 ـ يىلى دېۋېي، 1920 ـ يىلى بېرتراند روسېللار جۇڭگوغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. تاۋ شىڭجى (1891 ـ 1946)، خۇشى (1891 ـ 1962)، جياڭ مېڭيەن (1886 ـ 1964) قاتارلىقلار دېۋېينىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى كېڭەيتىشكە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما، جۇڭگو مائارىپىدا نوقۇل ئەخلاق، مەجبۇرىيەت كۆپ تىلغا ئېلىناتتى. كىشىلەر قەلبىدە بۇنداق ئەنئەنىگە بولغان مايىللىقمۇ زىيادە كۈچلۈك ئىدى. ئەركىن تەپەككۇرغا زىيانلىق بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەسىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەممىگە چات كىرىۋېلىشى بەك كۈچلۈك ئىدى. ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىرى جۇڭگوغا كېلىشتىن ئاۋۋال، ياپونىيىدىن ئۆگىنىلگەن ھېرباتچە مائارىپ نەزەرىيىسى جۇڭگو مائارىپىدا ئاللىقاچان نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغانىدى. شۇڭا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى دېۋېينىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولسىمۇ، جۇڭگودىكى ئورۇنۇشلار بىكارغا كەتتى. جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىدىيىسىدە تۈپكى ئۆزگىرىش بولمىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوشىنسكى ئىدىيىسى، فرانسىيە پېداگوگى مارىيە مونتېسسورى (1870 ـ 1952) ئىدىيىسى، دېۋېي ئىدىيىسى ئاساسىدىكى ئەمەلىيەتچىل مائارىپ ـ يەنى غەربنىڭ ئەركىن مائارىپ نەزەرىيىسى (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل مودا بولغان بولۇپ، دېۋېي 1927 ـ يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۆز تەشەببۇسلىرىنىڭ بۇ دۆلەتتە ئامېرىكىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ھالبۇكى، 1936 ـ يىلى پۈتكۈل سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدە ئەسلىدىكى باللار ئىلمى ساختا پەن دەپ ئېلان قىلىنىپ، 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدىدىكى خەلقچىللىق ـ مىللىيلىك تەشەببۇسلىرى، غەربتىن قوبۇل قىلىنغان مونتېسسورى، دېۋېي تەلىماتلىرى تەنقىد قىلىنىش ۋە قاتتىق چەكلەشكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مائارىپچىلىرى ھەقىقىي ماركسىزملىق باللار ئىلمى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىق قىلىندى. 1936 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلىغىچە ئارىدا ئەركىنلىك، تەبىئىيلىك ئېغى قامچىلاندى. مائارىپتا ھېربات ئەندىزىسى ئۆزلەشتۈرۈلدى. يەنى، ھېرباتنىڭ پېداگوگىكا نەزەرىيىسى روس پېداگوگى كايروف (1893 ـ 1978) نىڭ قەلىمى ئارقىلىق يۇغۇرۇپ چىقىلدى. كايروف تۈزگەن «پېداگوگىكا» دېگەن كىتابتا «ئوقۇتقۇچى مەركەز» لىك خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۇ: «دەرسخانا ئوقۇتۇشى مەڭگۈ ئوقۇتقۇچىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزى قانۇن ماھىيىتىگە ئىگە. ھەقىقەتنى بايقاش ئوقۇغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە بۇ بىلىملەرنى قوللىنىشنى بىلىشتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. كايروف گەرچە ئوقۇتۇشتا ئاڭلىقلىق پرىنسىپى ۋە تەشەببۇسكارلىق پرىنسىپىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيىتىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە سەل قارىغانىدى. ئېنىقكى، بۇ چاغدا ھېربات نەزەرىيىسى ئەسلىدىكىدىن ھەسسىلەپ كۈچەيگەنىدى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مائارىپى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنە زاكوف (1901 ـ 1977) بىلەن بابانسكىي (1927 ـ 1987) نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. ئۇلار دەرۋەقە باللارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تاللاش، ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە يىرىك ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانىدى. بىراق، بىز زاكوفنىڭ ئوقۇتۇش قارىشى، بابانسكىينىڭ ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش نەزەرىيىسىنى سەل چوڭقۇرلاپ چۈشەنسەك، ھامان بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. زاكوف «ئوقۇتۇش ۋە تەرەققىيات» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسەتكەن يېڭى ئوقۇتۇشنىڭ بەش مۇھىم پرىنسىپى «يۇقىرى، قىيىن دەرىجىدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇشىدا نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش؛ يۇقىرى سۈرئەت بولۇش؛ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش جەريانىنى بىلدۈرۈش؛ سىنىپتىكى بارلىق (ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇغۇچىنى ئادەتتىكى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش» قاتارلىقلاردۇر. بابانسكىينىڭ ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش قارىشىدىمۇ سىياسىيغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئېنىقكى، بۇ پرىنسىپلار ۋە تەشەببۇسلار ھازىر ئىسلاھ قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەردۇر.

1955 ـ ، 1956 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ پۈتكۈل مائارىپ سىستېمىسىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى تۈشمۇ تۈشتىن جۇڭگوغا كېلىپ مائارىپ مىنىستىرلىقى، ئالىي مەكتەپلەر مىنىستىرلىقى ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپتە مەسلىھەتچى بولدى ياكى ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى يېتەكچىسى مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىنى ئەندىزە قىلىپ جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزگەرتىلدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئالىي مەكتەپلىرىدىكى فاكۇلتېت، كەسىپلەر لايىھىسىنى ئۈلگە قىلىپ زور كۆلەملىك فاكۇلتېت تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مائارىپ نەزەرىيىلىرى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى كېڭەيتىلدى. كايروف تۈزگەن

«پېداگوگىكا» ناملىق كىتاب باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىپ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىدا بىردىن دېگۈدەك بار بولدى. جۇڭگو كايروف نەزەرىيىسىنى ئەكىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ چۈشەنچىسىدىكى مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەكىتلەشتەك شىرشىم نوپۇز ئېڭى، ئوقۇملاشقان بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىپ تەپەككۇرغا سەل قاراش، ئاتېئىزملىق دۇنيا قاراش قاتارلىق تەرەپلەردە نېگىز جەھەتتىن ئوخشاشلىق بولغاچقا تېزلا سىڭىشىپ كەتتى ۋە كونا ـ يېڭى ئوقۇتقۇچىلار ئادەت ئالماشتۇردى ھەممە بىر قەدەر تۇراقلىق بولغان ئەندىزە شەكىللەندۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۆكچىللىققا قارشى كۆرەشنىڭ كېڭىيىشى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى سولچىل دولقۇن تەسىرىدە سوۋېت پېداگوگىكا ئەندىزىسى ئومۇميۈزلۈك تەنقىد قىلىنىشقا باشلاپ، «فائېجېننىڭ سىياسىيلىشىشى» قۇرۇلمىسىدىكى جۇڭگو مائارىپ سىستېمىسى تىكلەندى. پېداگوگىكا مائارىپ سىياسىيسىنىڭ مەجمۇئەسىگە ئايلاندى. كايروفنىڭ: «ئوقۇتۇش جەريانى بىر خىل بىلىش جەريانى»، «ئوقۇتۇش جەريانى ئىككى خىل ئىدىيىۋى كۈرەش جەريانى» دېگەن قاراشلىرى ئاساسىدىكى ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ئايرىم دائىرىدە تەنقىد قىلىندى. ئەمما تۈپ ماھىيەتتىن ئۆزگىرىش بولمىدى. يېڭى مائارىپ ئىدىيىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۆزلىشىشىدە پېداگوگىكا مائارىپىنىڭ رولى ناھايىتى زور. ئەمما، جۇڭگودا 1949 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يېپىق ـ بېكىنمە پېداگوگىكا مائارىپى ئۆگىنىلدى. 1950 ـ يىلدىن كېيىنكى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي تەربىيە ۋە ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىدە پېداگوگىكا مائارىپى ئەسلىي ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. ھەتتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلار بەكمۇ ئاز ۋە كېپىن بولدى. ئۇنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىش تېخىمۇ چەكلىك بولدى. پسىخولوگىيە ئىلمى، سېلىشتۇرما پېداگوگىكا ئىلمى تەرەققىي قىلمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ـ مەكتەپلەردە نورمال ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلگەندە قوللانغىنىمىز يەنىلا كايروفنىڭ نەزەرىيىسى ئىدى.

ئىلمىي مائارىپ نەزەرىيىسىگە بولغان بۇنداق «گاداي»لىق تەسىرىدىنمۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى خېلى يىللارغىچە جۇڭگو مائارىپى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى قوغلىشىش، زىيادە بىر خىللىقنى تەكىتلەش، ئىزچىل رەۋىشتە يۇقىرى نومۇر، تۆۋەن ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشتەك بىر قاتار مەسىلە دۆۋىسىدىن چىقالمىدى. تەربىيىلىنىپ چىققانلار جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا قويغان تەلىپىگە ماسلىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش سادالىرى پەيدا بولدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا مەركەز مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى چىقىرىدىغان «مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىل 4 ـ سانىدىن 1987 ـ يىل 4 ـ سانىغىچە «مائارىپ ئىدىيىسىنى تۈزىتىش، تەربىيىلەش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش» دېگەن سەرلەۋھىدە مەخسۇس سەھىپە ئېچىلدى. بىر قىسىم ئالىم ماقالە يېزىپ، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ساپاسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ بىن 1987 ـ يىلى «ئاساس مائارىپ سۈپىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرەيلى» دېگەن ماقالىسىدا «ساپا مائارىپى» ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو مائارىپ نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەسلىدىكى مائارىپ «ئىمتىھان مائارىپى» نامىدا شەرھلەندى. جەمئىيەت ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ساپا مائارىپىنىڭ مەنىسى ئىزاھلاندى. 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ساپا مائارىپى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي خىزمەت كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇپ، ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندى. دۆلەت دەرىجىلىك نەق مەيدان يىغىنلىرى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ساپا مائارىپى رەسمىي كېڭەيتىلدى. يېڭى ئەسىر كىرىشى بىلەن تەڭ ساپا مائارىپىنىڭ ئومۇمىي نىشانى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئاساستا، دەرسلىك ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى.

ساپا مائارىپى جۇڭگودا قېلىپلاشقان مائارىپ غايىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى كۆپ تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. مائارىپ نىشانى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ساپا مائارىپى تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك قاتارلىق تەرەپلەردىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان لاياقەتلىك پۇقرالارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؛ مائارىپنىڭ فۇنكسىيىسى ـ رولىدىن قارىغاندا، ساپا مائارىپى ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بارلىق ئوقۇغۇچىنىڭ تۈپكى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئورنى ۋە تەشەببۇسكارلىق روھىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئادەمنىڭ بېجىرىم ـ ساغلام بولغان خاسلىقىنى نېگىز قىلغان تۈپ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مائارىپ. ئۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا تولۇق ئىلھام بېرىدۇ، خاس تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈپكى ساپاسى ۋە ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ساپا مائارىپى جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل يېپىق شەكىلدە داۋاملاشقان ئەنئەنىۋى فېئودال مائارىپقا نىسبەتەن زور ھالقىش. ساپا مائارىپى ئىدىيىسى ئېچىۋېتىلگەن مائارىپنىڭ تەلىپى، مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ ۋە ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ھەتتا بىز ساپا مائارىپىنى ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ چۈشەنچىسى، مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ چۈشەنچىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ چۈشەنچىسىنىڭ دەل ئۆزى دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. بولۇپمۇ، نۆۋەتتە

«مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا زور ئەمەلىي ئەھمىيەت ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ساھە »دېيىلىۋاتىدۇ. مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بۈگۈنكى دۇنيا ئاساسىي مائارىپ ساھەسىنىڭ ئومۇملاشقان ئىنتىلىشىدۇر. ساپا مائارىپى چۈشەنچىسى بۇ خىل ئىنتىلىش بىلەن ئۆز ئارا ماسلىققا ئىگە. ئۇنىڭ ئاشكارا شوئارى «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش»تىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يېڭىچە مائارىپ قارىشى، يېڭىچە ئىختىساسلىقلار قارىشى، يېڭىچە پۇقرا قارىشى تۇرغۇزۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاساس سېلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىلەر ياتىدۇ.

## 4. ئۇنتۇلغان ئاگاھلار

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مائارىپى جۇڭگو مائارىپىنىڭ تەركىبى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يېڭى سەپىرىنى باشلىغانىدى. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئارىدا جۇڭگو مائارىپى پېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن «ئىسسىق ـ سوغۇق»قا ھەمشېرىك بولدى. ساپا مائارىپى ھەققىدىكى تۇرلۇك تەشەببۇس كېچىكىپ بولسىمۇ تونۇشتۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما تەلەپ بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا غايەت زور پەرق ئىزچىل رەۋىشتە مەۋجۇد بوپكەلدى. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، تەشكىللىك تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مائارىپچىلارنىڭ، مەمۇرلارنىڭ ئاساسىي مائارىپتىكى مەۋجۇد مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى نىشان، يېڭى مەزمۇن، يېڭى تەدبىر بەلگىلەشكە ئاساس سېلىش ئۈچۈن يېتەكچى خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئىلمىي مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمىلەر، يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئارقىلىق رېئاللىق كۈچلۈك ئىنكاس قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق بىز 1989 ـ يىلىغا كەلگىچە مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردىن مۇشۇ خۇسۇستىكى خاس ئىلمىي تەتقىقاتى، نۇقتىلىق مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەرنى كۆرەلمەيمىز. 1989 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە مۇشۇ تېمىلاردا بەزى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغانلىقى مەلۇم. جۇڭگو ۋە شىنجاڭدىكى نەشر ئەپكارلاردا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مۇھاكىمىلەرنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىشىمۇ مائارىپ تەتقىقاتىمىزدىكى بىر بوشلۇق. بۇ جەرياندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن مۇئەللىپ ئېرىشكەن بەزى مۇھىم ماقالىلار تۆۋەندىكىچە:

1. ياڭ جىڭ، جاڭ جىبىن، ۋۇ شىنخۇەي، شۇ چېن: «شىنجاڭدىكى 519 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ئەر ياشلىرىغا EPQ(خاراكتېر سوئالى人格问卷)نى ئىشلىتىشتىن دەسلەپكى دوكلات»، «پسىخولوگىيە ئىلمى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 1989 ـ يىل 1 ـ سان.

2. شۇ شىفا: «ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا ئىقتىدارىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) (خەنزۇچە) 1991 ـ يىل 1 ـ سان.

3. فۇ گاڭ: «قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى»،«مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1991 ـ يىل 4 ـ سان.

4. جى يى: «ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) (خەنزۇچە) 1991 ـ يىل 4 ـ سان.

5. جى شېنىڭ، ئوۋ ياڭجى، ئانار مۇھەممەت: «شىنجاڭدىكى يەتتە مىللەت بالىلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى سەۋىيىسى تەتقىقاتى»، «مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى»ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 1995 ـ يىل 1 ـ سان.

6. داۋۇد ئوبۇلقاسىم: «ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر دىئاگنوز»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» 1995 ـ يىل 23 ـ ماي سانى.

7. ئىلھام توختى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ساپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىقتىساد ئامىلى ھەققىدە تەھلىل»، «مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 1995 ـ يىل 3 ـ سان.

8. جۇ رۇڭ: «شىنجاڭدىكى بەش مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) (خەنزۇچە) 1996 ـ يىل 2 ـ سان.

9. جۇ رۇڭ، ياڭ شۇچېن، تۇرسۇن، لىڭ يىڭ: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاسلىقىنى سىناش تەھلىلى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)(خەنزۇچە) 1997 ـ يىل 2 ـ سان.

10. تۇرسۇن قۇربان: « تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1998 ـ يىل 3 ـ سان.

11. جۇ رۇڭ، لىڭ يىڭ، ياڭ شۇچېن، دىلشاد: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»(پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) (خەنزۇچە) 1998 ـ يىل 4 ـ سان.

12. مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق: «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان.

بۇلاردىن باشقا يەنە مەرھۇم مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى، ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ئايرىم ماقالىلىرىدىنمۇ ئۇيغۇر مائارىپىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئارىدا ئۇيغۇر مائارىپى بىلەن خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان ياكى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنلەر

ئارىسىدا ئۇيغۇر ئاپتورلار بەكمۇ كەم. ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغانىكەن، مائارىپ ئىلمى بويىچە يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنى، مائارىپنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىدىغان مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتى يۇرتلىرى بولۇشى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تارىخى، بۈگۈنكى ھالىتى، كەلگۈسى يۈنىلىشى ھەققىدە مىللىي ئىپتىخارلىق، بۇرچ تۇيغۇسىدا سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈلۈشى، يىرىك، ھەمكارلاشما ئەمگەكلەر بولۇشى كېرەك ئىدى. تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار يوقمۇ ياكى مائارىپ تەتقىقاتى تېمىسىغا قىزىقىدىغانلار يوقمۇ؟ بۇ، ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان، شۈبھىلەندۈرىدىغان مەسىلە. شۇڭا، مائارىپىمىز ھەققىدە ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزۈپ قەلەم تەۋرەتكەن، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغان بارلىق ئىلىم ساھەبىمىزغا ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن قارايمىز. شۇنداقلا، قانداق مۇددىئادا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، قانداق يەكۈنلەرنى چىقارسۇن، باشقا مىللەت ئاپتورلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگىنىگە تەسەننا ئوقۇيمىز.

بۇ تىزىملىكتىكى ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ماقالىلەرنى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت قولايلىقى ئاساسىدا شىنجاڭدىكى ئوخشىمىغان شەھەر- رايونلار بويىچە تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنى تاللىغان ۋە ئۆز خۇلاسىلىرىنى كەڭ ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللىگەن بولۇپ، ئاپتورلارنىڭ يەكۈنلىرىنى بىرمۇ- بىر چۈشىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ كېتىدۇ. ئالدىنقى تۆت پارچە ماقالىنىڭ ئومۇملاشقان يەكۈنى بويىچە: ئۇيغۇر بالىلىرى ئىچ مىجەز، ئەركىن ئەمەس. ماتېماتىكا ئىقتىدارى جەھەتتىن خەنزۇ ۋە قازاقلاردىن كېيىن تۇرىدۇ. ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلەشتە خەنزۇ، قازاقلاردىن كېيىن تۇرىدۇ. يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارى خەنزۇ، قازاقلاردىن كېيىن تۇرىدۇ.

تىزىملىكتىكى 5- ماقالىنى شۇ مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر مائارىپىغا نىسبەتەن تەتقىقات قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تەتقىقات تېمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى «7- بەش يىللىق پىلانى»دىكى نۇقتىلىق تېما ۋە ياردەم تۈرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايىدىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق يەتتە مىللەتتىن بەش ياشتىن 16 ياشقىچە جەمئىي 1524 ئوقۇغۇچى قاتناشقان. تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان قىز- ئوغۇللار سانى ئوخشاش بولغان. تەتقىقات 1989- يىلى مايدا باشلىنىپ، 1991- يىلى مايدا ئاخىرلاشقان. تەتقىقاتقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرى مەسئۇل بولغان. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى پېداگوگىكا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جى شېنيىڭ خانىم تېما باشلىقى، ئوۋ ياڭجى، ئانار مۇھەممەتلەر ئاساسلىق تەتقىقات خادىمى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرقايسى ئورۇندىن ئېلىنغان نۇسخا (تەتقىقاتقا قاتناشتۇرۇلغان بالىلار) خىزمىتىگە نۇرغۇن خادىم قول تىققان بولۇپ، جەمئىي 65 ئادەم قاتناشقان.

«ئەقىل بۆلۈنمىسى(IQ)» (智力商数- Intelligence Quotient) ئوقۇمى 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا بارلىققا كەلگەن پسىخولوگىيىلىك سىناق چۈشەنچىسى بولۇپ، خەلقئارادا ھەر بىر ياش تۈرىدىكى بالىلارغا ماس كېلىدىغان ئۆلچەملەشكەن سوئاللىرى بولىدۇ. ئايرىم جايلىرىنى دۆلەتلەر ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تۈزىتىدۇ. ئۆلچەملىك نومۇرى 100 بولۇپ، بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب يۈز نومۇرغا سۇندۇرۇپ ئۆلچەملىك نومۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەملىك 100 نومۇر سىناققا قاتناشقۇچىنىڭ ئۆلچەملىك ئەقلىي ئىقتىدار يېشىدۇر. IQ نەتىجىسى قاتناشقۇچىنىڭ ئەقىل يېشى(ياكى ئېرىشكەن نومۇرى)نى قاتناشقۇچىنىڭ ئەمەلىي يېشى(ياكى ئوخشاش ياشلىقلار ئېرىشىدىغان ئوتتۇرىچە نومۇر)غا بۆلۈپ ھېسابلىنىدۇ. تالانتلىق، ئادەتتىكىچە ياكى ئەقلىي تەرەققىياتى ئاجىز بالىلارغا مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سىناققا قاتناشقۇچى يۈز نومۇرغا ئېرىشسە، ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى(پسىخىك يېشى) بىلەن ئەمەلىي يېشى ماس تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمەلىي يېشى تۈرىدىكى سوئاللاردىن ھالقىپ، يۇقىرى ياش تۈرىدىكى سوئاللارغىمۇ جاۋاب بەرسە، ئەقىل يېشى ئەمەلىي يېشىدىن چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى نورمال تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. IQ سىنىقىنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكى ھەققىدە تا ھازىرغىچە تالاش- تارتىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرۇشتىكى دۇنياۋى ئۆلچەم بوپقالغان. بىز مۇشۇ سىناق ئارقىلىق بىر دۆلەتتىكى بالىلارنىڭ، ھەتتا ئوخشىمىغان دۆلەتتىكى بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرالايمىز. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، يەتتە مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كوللېكتىپ IQ نەتىجىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى خەنزۇ: 93، شىبە: 88.5، خۇيزۇ: 88، ئۇيغۇر: 80، قازاق: 78، موڭغۇل: 79.7، قىرغىز: 79 بولغان. بەش- ئالتە ياشلىق شىبە بالىلىرى خەنزۇ بالىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرغان، يەتتە ياشتىن باشلاپ كېيىن قالغان. بەش- ئالتە ياشلىق ئۇيغۇر بالىلىرى خۇيزۇ بالىلىرى بىلەن تەڭ ياكى ئۈستۈن بولۇپ، كېيىن بارا- بارا چېكىنگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى 12 ياشتىن باشلاپ 80 دىن تۆۋەنلەپ كەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا مەنپىي تەسىر كۆرسەتكەن.

داۋۇد ئوبۇلقاسىم ئەپەندى بىلەن مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئومۇمىي نۇقتىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر دەلىللەر بىلەن كۆرسەتكەن. بۇ يەردە بۇ ئىككى ماقالىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە كونكرېت توختالمىدۇق.

6-، 7-، 12- ماقالىدىن باشقا ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئاتا- ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، بالا تەربىيىلەشكە بولغان ئېتىبارى، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى قاتارلىقلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بالىلىرىنىڭ باشقا مىللەت

باللىرىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ 5 ـ ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى بۇ ھەقتە خېلى كونكرېت توختالغان. ئۇلار ھەتتا 716 نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك ئەقلىي ئىقتىدار سىنىقى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئوتتۇرىچە IQئەنتىجىسى 95 بولغان. ئەمما ئەقلى ئاجىزلار %15.5 ىنى ئىگىلىگەن. %88~ %98 مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار يەنىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھىن تەرەققىياتىغا ئېغىر سەل قارايدىغان، ئەنئەنىۋى مائارىپ قارىشى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا بولۇپ چىققان.

يېڭى ئەسىر كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر بولدى. «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» ۋە يەنە ھەر خىل يەرلىك ژۇرناللاردىمۇ مائارىپقا دائىر مۇلاھىزىلەرگە يېتەرلىك ئورۇن بېرىلدى. بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەرگە قارىساق، ئاپتورلار، تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنىڭ مەلۇم سالماقتا كېڭەيگەنلىكىنى، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ئىلمىيلىشىش، نازۇكلىشىش، چوڭقۇرلىشىش ھالىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بايقايمىز. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېڭى ئەسىر كىرىشتىن ئاۋۋال بۇنداق مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەر ئومۇمەن پارچە ماقالىلەردىن ھالقىيالمىغان بولسا، بۇ بىرنەچچە يىلدا كۆپلىگەن ماقالە ئېلان قىلىنىشتىن باشقا، ئۆز ئاپتورلىرىمىزنىڭ قولىدىن چىققان «21 ـ ئەسىر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى ـ مائارىپ»، «بۈگۈنكى مائارىپ ـ ئەتىكى دۇنيا ئۈچۈن»، «يېڭىلىق يارىتىش مائارىپى ۋە ئەمەلىيىتى»، «ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش لايىھىسى»، «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دىئاگنوز»، «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ»، «21 ـ ئەسىردىكى ئوقۇتقۇچىلارغا سۆز»، «ساپا مائارىپىمۇ، ‹خاتا› مائارىپمۇ؟»... قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەردە ئەنئەنىۋى مائارىپقا قارىتا تەنقىدىي رەۋىشتە پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، قىممەتلىك تەكلىپ، تەشەببۇسلار بايان قىلىنغان بولۇپ، مائارىپچىلار، ئاتا ـ ئانىلار، مەمۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپىمىزدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر يېتەكچى بولالايدۇ.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەخسۇس مائارىپ تەتقىقاتچىسى، شائىر تەلئەت قادىرىي ئەپەندى «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ» دېگەن كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇپ ئالتە ـ يەتتە ياشقا كىرىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شوخ، بەتۋاش خىيالى ۋە تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئوقۇتقۇچىلار خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىغان ‹ياغاچ قورچاق›قا ئايلىنىپ قېلىشى مائارىپ بولامدۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى، بىر ـ بىرىدىن سىرلىق ئوقۇملارنى دەرسخانىدىن ئىبارەت ئاشۇ ‹يېپىق دۇنيا›دا جىمجىت ۋە ئىنكاسسىز ھالەتتە، پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندا تۇرۇپ، ئاشۇ كىچىككىنە نازۇك مېڭىسىگە توختىماي ‹قاچىلىشى› مائارىپ بولامدۇ؟ بارلىق ئوقۇغۇچىنى ئوخشاش بىر خىل تەپەككۇر، ئوخشاش بىر خىل ھېسسىيات، ئوخشاش بىر خىل ئىدىيە، ئوخشاش بىر خىل كۆز قاراش بىلەن تەربىيىلەش، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنى بىر ئوقۇغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇغۇچىنى ئوخشاش بىر قېلىپتا ‹قۇيۇپ چىقىش› مائارىپ بولامدۇ؟ ئادەم تەربىيىلەش دېگەن بۇ ئۇقۇم بۇ ئۇقۇمنىڭ يادروسى ۋە جېنى ھېسابلانغان ‹ھېسسىيات تەربىيىسى› دېگەن ئۇقۇمدىن شۇنچىۋالا يىراقلاپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا مائارىپ بولامدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ ۋە بۇ سوئاللىرىغا: «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسلىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈشكە زېمىن ھازىرلايدىغان مائارىپتۇر. بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ دەل مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان ۋە ئىپادىلىيەلەيدىغان، ئىجاد قىلالايدىغان، يېڭىلىق يارىتالايدىغان، قول سېلىپ ئىشلىيەلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان مائارىپتۇر. بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ دەل بەھس ـ مۇنازىرىگە تولغان، ئېچىۋېتىلگەن، ئەركىن، دېموكراتىك دەرسخانا مۇھىتىنى تەكىتلەيدىغان مائارىپتۇر. بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرالايدىغان مائارىپتۇر»[35] دەپ جاۋاب بېرىپ، مائارىپىمىزغا سالماقلىق بىلەن قاراپ چىقىشىمىزنى كۈچلۈك دەۋەت قىلدى ۋە ئىنتايىن كونكرېت مىساللار بىلەن كونا مائارىپنىڭ ئۆزىنىڭ ئەبجەق ھالىتىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدىن تەبىر بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، مائارىپتىكى يېڭى بايقاشلار، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىكى يۈزلىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ـ ئىجادچانلىق مائارىپى، چەت ئەللەر مائارىپىدىكى ئىلغار تەرەپلەر ھەققىدە ئىلمىي ئۇچۇرلارنى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك يېزىلغان ماقالىلىرى ۋە ئۆز خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىلمىي ئەنجۇمەنلەر ئارقىلىق تىل ـ ئەدەبىيات دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ـ ئەللاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

مائارىپ ۋە ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتى بويىچە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچى ئەخمەت كېبىر ئەپەندى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئاساس مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلغان يەنە بىر مۇھىم ئىزدەنگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ «ساپا مائارىپىمۇ، ‹خاتا› مائارىپمۇ؟» ناملىق كىتابى ھەم ئاممىبابلىقتا ھەم ئىلمىيلىكتە ئىگە بولغان توپلامدۇر. كىتابتىكى ماقالىلەرنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان ئادەم ئەخمەت كېبىر ئەپەندىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىدا زېھىن ۋە ۋاقتىنىڭ مۇھىم بۆلىكىنى مائارىپقا قارىتىپ، ساپا مائارىپى نەزەرىيىسى بىلەن خېلى يۇقىرى ئىمكانىيەتتە تونۇشۇپ، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئاساس مائارىپىنى ئاتا ـ ئانىلار، جەمئىيەت، مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلار نۇقتىسىدىن «ئوپېراتسىيە» قىلىپ چىققانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. كىتابقا ئاپتورنىڭ 17 يىللىق مائارىپچىلىق ھاياتىدا ئېلان قىلدۇرغان مائارىپقا ئائىت ئەدەبىي خاتىرە ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلىرى، سۆھبەت خاتىرىسى شۇنداقلا بىر قىسىم ئىجتىمائىي مۇلاھىزىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى «يېزا باشلىقى ۋە مەكتەپ مۇدىرى»، «ساپا مائارىپىمۇ، ‹خاتا› مائارىپمۇ؟»، «مائارىپ ــ ھەقىقەت يولى»، «مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ

رىياسەتچىلىك مۇنبىرى»، «مائارىپنىڭ كەتمىنىنى چاپقۇم بار» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر ئاساس مائارىپى ھەققىدىكى تۈپ يەكۈنلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەخمەت كىبىر ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، تار مەنىدىن ئېيتقاندا پەرزەنت بىر ئائىلىگە، ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بالا ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتكە. ئۆزى ماكان تۇتقان ۋەتەنگە مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيەلەشكە سەل قاراش ئۆزىمىزنىڭ ئەتىسىگە سەل قاراشتۇر. ھالبۇكى، بىزدە مەنمەنچىلىك ئولتۇرۇشلىرى، ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان بەزمە- باراۋەت، چاي- مېھماندارچىلىقلار بىزنىڭ بالىلار بىلەن دوستانە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى زېرىكمەستىن تىڭشايدىغان ۋاقىتلىرىمىزنى ئاللىقاياقلارغا ئەكەتمەكتە. زىيادە ئەركىلىتىپ چوڭ قىلىنغان بالىلارنى «كىچىك زومىگەر»لەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيىتىمىزدە يەنە بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولغان تەسىرلەر كۆپ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق، جەمئىيەت ئەخلاقى، ئائىلە ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشى، بىمەنە بىلجىرلاشلار بىلەن تويۇنغان ساختا ئېلانلار، شەھۋانىيلىق، تېررورلۇق، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، قاتىللىق، ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق... قاتارلىق ئىجتىمائىي رەزىل خاھىشلار مەزمۇن قىلىنغان تېلېفىلىملار بالىلىرىمىزنىڭ سەزگۈسىنى غىدىقلاپ، ئۇلارنىڭ بالدۇر مۇھەببەتلىشىش، توپلىشىپ مۇشتلىشىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، چۈشكۈنلىشىش، جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتەك تراگېدىيىسىنىڭ ۋارىقىنى تېز- تېز ئۆرۈمەكتە. ئەخمەت كىبىر ئەپەندى ئۇيغۇر مائارىپىدىكى «خاتا» تەركىبلەرنى مەكتەپ مائارىپىدىن بەكرەك ئىزدىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مائارىپ — بالىياتقۇ. مەكتەپ — مۇقەددەس ئانا. ئۇنىڭ تەۋەللۇتى بىر مىللەتنىڭ تەۋەللۇتى. بىزدە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى داۋراڭلار، چاقىرىقلار كۆپ بولغىنى بىلەن، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلمىدى ياكى ئىشقا ئاشمىدى. ئاستىرتتىن ئىجرا قىلىنىۋاتقىنى يەنىلا ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئەندىزە- تەرتىپلىرى بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياغاچ قورچاق»تەك بىر كۇنۇپكا بىلەن باشقۇرۇلىدىغان مېخانىكىلىق ھالەتتە ئۆزگىرىش بولمىدى... ئۇلار يەنىلا كونا، ئاددىي تەپەككۇر رامكىسى، قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، تەكرارلىنىشچان ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى. ھەتتا بەزى مەكتەپلەر ساپا مائارىپىنى يولغا قويدۇق دەپ، ئوقۇتۇش، تەلىم- تەربىيە خىزمىتى جەريانىدىكى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئاجايىپ بىمەنىلىكلەرنىڭ «كەشپىياتچىلىرى»غا ئايلاندى. ساختىپەزلىك، قېلىپپازلىق، شەكىلۋازلىقلارنىڭ يېڭى- يېڭى ئەۋرىشكىلىرىنى توپلاپ، مائارىپنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساپا مائارىپىغىمۇ، ئىمتىھان مائارىپىغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئەبجەش بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ ئەۋرىشكە ئۈلگىلىرى بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە ئايلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، ئاتا- ئانىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپقا، مەكتەپلەرگە بولغان ئالەمچە ئۈمىدىنى سۇسلاشتۇرماقتا. چۈنكى، «ھەقىقىي مائارىپ ئالدى بىلەن ئىدىيىنىڭ ئازاد بولۇشىدىن باشلىنىدۇ»(ئابدۇقادىر جالالىدىن). بىراق، مائارىپنىڭ رىياسەتچىلىك مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان بەزى كىشىلەر بۇنى تونۇپ يەتمىگەچكە، ۋاقتى ئۆتكەن مائارىپ تېئورىيىلىرىنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ئاغزىدا «ئىسلاھات» دەپ بولۇشىغا جار سېلىپ يۈرسىمۇ، شەپەرەڭ قۇياش نۇرىدىن ئۆزىنى ئېپقاچقاندەك، ئەسلى تەبىئىتى ئىسلاھات بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان، ئىسلاھاتقا چىش- تىرنىقى بىلەن ئۆچ، مائارىپتا بىرەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلسە، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ دەخلى- تەرۇزغا ئۇچراپ، مەنسەپ زاكون تايىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بەزى «مۇنبەر جان باقتىلىرى» ھەر قىماپ بىلەن ئىسلاھاتنىڭ يولىنى قامال قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ھەتتا پىتنىخورلۇق، تېكىنخورلۇق بىلەن ھەقىقىي ئىسلاھات سەركەردىلىرىنى قازان بېشىغا يېقىن كەلتۈرمىگەچكە، مائارىپتىكى ئىسلاھات ۋاقتى كەلگەندە كانايىنى قولغا ئېلىپ ئەل قاتارى تۇۋلاپ قويىدىغان «ھاياجانلىق شوئار» بىلەن تاماملىنىۋاتقاندەك تەسىرات بېرىپ قويۇۋاتىدۇ. مىللىي روھ تەربىيىسى ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمىدى. مائارىپتىكى بۇ خىل ئەھۋاللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ھېسسىياتىغا، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىگە بەرھەم بېرىپ، كەلگۈسىدە بىر تۈركۈم ھاڭۋاقتى، ئىتائەتچان، قول مىجەزلىكلەرنى، ياكى بولمىسا بىرىگە ھۆرپىيىپ، بىرىگە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ جان باقىدىغان ئۆزلۈكتىن ياتلاشقان تەبىئەتلىكلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىق مەكتەپتىن زېرىكىش خاھىشى يۇقىرىلاپ بارغان. بىلىم جۇغلانمىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرگەن، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، قول سېلىپ ئىشلەش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن. ھالبۇكى، بىزدىكى بەزى مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلاردا كۆرۈلگەن سەۋەنلىك ۋە نۇقسانلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى قىلچىمۇ ئۆزىدىن كۆرمەستىن، ھەممىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى دائىملىق خىزمەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

ئاپتور ۋىجدانى ئويغاق، روھى قايناق مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى مائارىپ ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان كىشىلەرگە — رەھبەرلەرگە، كەسپداشلىرىغا يۈكسەك ھۆرمەت، ئىپتىخار بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسبەت ئىشلىرىنى چەكسىز دىل ئاغرىقى، ھەسرەت- نادامەت ياشلىرى بىلەن ئەسلەپ ئۆتىدۇ. ئاپتور ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەندە، دۆلىتىمىز داھىيلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جاڭ زېمىن، كلاسسىك مۇتەپەككۇرلار، ئالىم- ئەدىبلەر، تەتقىقاتچىلاردىن شەيخ سەئدىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي، لۇتفىي، ئېينشتېين، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تەلئەت قادىرىي يازمىلىرىدىن، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپقا ئائىت قانۇن-

نىزاملىرىدىن كۆپلەپ نەقىل ئالىدۇ.

ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە ئۆزلىرى بىلەن ھايۋانلارنىڭ پەرقى ھەققىدە قانچىلىك سىلىشتۇرما تەھلىللەرنى يۈرگۈزگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ تۇم ـ تۇملاپ كاتولوگ پۈتۈشى مۇمكىن. بىز ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى بىلەن بۈگۈنكىدەك زامانىۋى ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئىنسانلاردا ھايۋانلاردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، تولۇقلاش روھىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدەك كاتتا بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل روھ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانلاردىكى ئاچ كۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك، يالماۋۇزلۇق، مۇستەبىتلىك قاتارلىق سەلبىي خاراكتېرلەرگىمۇ خورۇچ بولۇپ قېتىلغان بولسىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھازىرغىچە ئارىدا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق ماددىي ۋە روھىي مەدەنىيەت ئامىللىرىدا ئاشۇنداق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، تولۇقلاش روھىنىڭ تۈرتكىسى بار. مۇبادا ئىنسانلاردا بۇ خىل روھ بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپكى نىشان ـ ھەرىكەت كۈچىگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. تۈرلۈك نەزەرىيىۋى يەكۈن ۋە ئىلمىي تەشەببۇس ھەر خىل تېخنىكىغا ئوخشاشلا، ئىنسانلاردىكى ئەنە شۇنداق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، تولۇقلاش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ئۇتۇقلاردۇر. ئۇنىڭ رولى شۇكى، بىرىنچىدىن، يېڭى نەزەرىيىۋى يەكۈنلەر، تەشەببۇسلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق كونا ئۇسۇل، كونا تەرتىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئۈنۈمگە تەسىر كۆرسىتەلمىسە، بۇ يەكۈن ۋە تەشەببۇسلار بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى خاتا ئۇسۇل، قاتمال كۆزقاراشلىرىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۈچىنچىدىن، يېڭى نەزەرىيىۋى يەكۈنلەر، تەشەببۇسلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ شۇ دەۋر رېئاللىقىنى، ئاپتورنىڭ قەلب ئىنتىلىشلىرىنى، غايە ـ مۇددىئالىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا پاكىت بولالايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئەمگەكلەر شۇ قوۋمدىكى ئىلغارلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشنىڭ بېشارىتى. ئۇ تۈرلۈك كەشپىيات ـ ئىختىرا ئارىسىدىكى «گۈلتاج» بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن دەۋرى بۇ ھەقتىكى ئىزدەنگۈچىلەرنى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىۋاتىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو مائارىپىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرگە قارىتا ئالىملار ۋە مائارىپچىلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى، ئىزدىنىشى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسا، ساپا مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ بىر مائارىپ غايىسى شەكىللەنمىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ باش قاتۇرىدىغان چوڭ ئىشقا ئايلانمىغان بولاتتى. بۇ يېڭى شەيئىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىغا كېڭىيىپ، بۈگۈنكىدەك زور ئىسلاھاتقا سەۋەب بولالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى تېخىمۇ بولمايتتى. بىز بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا مائارىپ ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىمىز. شۇ ۋەجىدىن، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان شەخسلەرنىڭ مائارىپىمىزدىكى تۈپ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن سىياسىي ۋە ئىلمىي نۇقتىدىن چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، خالىس قەلەم تەۋرەتكەنلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىمىز.

## 5. ئالۋۇن ئارمانلار

ئارىمىزدا ئاخشىمى قايسى ماركىلىق ھاراقنى قانداق زاكۇسكا بىلەن ئىچىپ، قانداق مەست بولۇپ، ئەتىسى قانداق بىئارام بولغانلىقى ھەققىدە ھارماي سۆزلەيدىغان سۆلەتلىك ئەپەندىلەر، كىمنىڭ تىرنىقىنىڭ قانداق بويالغانلىقىغا دىققەت قىلىدىغان، يېنىدىكى بىراۋنىڭ چاچ پاسونىنىڭ ياراشقان ـ ياراشمىغانلىقى ھەققىدە كۆچەپ سۆزلەپ قويىدىغان ئالىپتە خانىملار كۆپ بولسىمۇ، ئىلمىي مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. شۇڭىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا داۋۇد ئوبۇلقاسىم ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر دىئاگنوز» نامىلىق ماقالىسى ئىنكاسسىز ئۆتۈپ كەتكەندى. كېيىن مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئەپەندىنىڭ «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» نامىلىق ئەسىرىنىڭ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانلىقى مەلۇم. بىراق، ئۇيغۇر مائارىپى سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ باشقا قېرىنداش مىللەتلەردىن كېيىنلىكى، ئومۇمىي مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە يېزىلغان باشقا ماقالىلەرنىڭ قانچىلىك ئوقۇلغانلىقى، «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ»تىكى سوغۇققان جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋەزنىلىك سوئاللار ۋە پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى جاۋابلارنىڭ، «ساپا مائارىپمۇ، ‹خاتا› مائارىپمۇ؟» نامىلىق كىتابتىكى يەكۈنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنىڭ دىققىتىدىن ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكى مۇئەللىپكە نائېنىق. كۆپلىگەن كىشىگە ئايان پاكىت شۇكى، بۇ ھەقتىكى زور تۈركۈمدىكى ئىلمىي ئەسەر ئومۇمەن قەغەز پېتى قېپقالدى.

ئامېرىكىلىق ئەنئەنە تەتقىقاتچىسى ئېدۋارد شىلس: «ھەرقانداق ئورگان پارچىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئائىلە، دىنىي جەمئىيەت، مەكتەپلەر بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىپ، ئەنئەنىنى ساقلاشنىڭ ئاساسلىق سىستېمىسى بوپقالىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىچىدە ياشايدىغان ئادەملەرنى ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلگەن ئېتىقاد ۋە قورۇلمىلارغا مايىللاشتۇرىدۇ»[36] دەپ يازغان. بىز ئاساس مائارىپىدا ئائىلە باشلىنىشلىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە، ئانا تىلنىڭ رولىغا بارغانچە سەل قارايدىغان بوپكەتتۇق. پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد بىرلىكى پاسىلى بۆسۈلۈۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلارنىڭ قەلبى ئارىسىدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان رىشتە، ھېيقىش كۆۋرۈكى ئۈزۈلۈۋاتىدۇ. بالىلاردىكى ئەخلاق مەسىلىلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ پېداگوگلىرى ياخشى ئائىلىنىڭ پرىنسىپلىرىنى سىنىپ پائالىيىتىگە تەتبىقلاش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار سىنىپنى ئائىلە دەپ قارىسا(چۈنكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى سىنىپتا ئۆتىدۇ)، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئائىلە ئەزاسى بولىدۇ. ياخشى دەپ قارىلىدىغان ئائىلىۋى تەرتىپتە بارلىق ھەرىكەت جەريانى

ئادىل، ئېنىق بولىدۇ. كىمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى باشقىلار بىلىدۇ؛ ھەرىكەت شەكلى دېموكراتىك بولىدۇ. ھەرقانداق ئەزا ئائىلە پائالىيىتىگە قاتناشسا بولىدۇ؛ ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ قىممىتى بار دەپ قارىلىدۇ. ھەممىسى ئورۇن- مەرتىۋە، ھۆرمەت، ئاساسلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ؛ ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ ھەر خىل ئاساسلىق تەلىپى، نىشانى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، باشقا ئەزالارنىڭمۇ ئۆز تەلىپى، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى بىر- بىرىنى ئاسرايدۇ. بۇ تەدبىرلەر ئائىلە ئىشلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىدۇ. بىراق، بىز قاتلاممۇ قاتلام ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ھالىتىدە تۇرىمىز. دەرھەقىقەتكى، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرقانداق سۆزىدىن گۇمانلىنىشىغا، «قالايمىقان» سوئال سورىشىغا بولمايدۇ... ئوقۇغۇچىلار ھامان رېجىم، تەقىپ، تەھدىت ئاستىدا ياشايدۇ»[37] (ئەخمەت كىبىر).

بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، مەكتەپلىرىمىزدىن پەقەت ھەقىقىي ھېسسىياتى ۋە سەزگۈسى، مۇستەقىللىق- ئۆزىگە تايىنىش روھى، ئۆزىگە ئىلھام بېرىش روھى قاتارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارى يوقالغان، ئەتراپىدىكى مەسىلىلەرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان ياۋاش- ئىتائەتچان، خۇشامەتچى، قۇللۇق پسىخىكىسى زور دەرىجىدە زوماتىزاتسىيىلەشكەن- رېفلېكسىلەشكەن كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. مەكتەپلەرنىڭ بۇنداق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش ماشىنىسى بوپقېلىشى مائارىپ غايىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۆزىگە كەلتۈرگەن چوڭ مەسخىرە ۋە ھاقارەت، شۇنداقلا بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى بۇ مەسىلىنى ئېنچىكە رەۋىشتە تىلغا ئالغان ۋە تەنقىدلەپ كەلگەنىدى. بۇلار ئەسلىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك مۇھىم تەرەپ ئىدى.

مەن مۇشۇ مۇلاھىزە ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىمدە ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ، پسىخولوگ ئېرىچ فروم (Erich Fromm ,1980-1901)نىڭ «بېجىرىم جەمئىيەت» دېگەن كىتابىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. كىتابتىكى بىزنىڭ تەربىيە ئىدىيىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق يەكۈن دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتتى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، كۆپىيىشى ھايۋان بىلەن پەرقسىز بولۇپ، تەبىئىي بار بولغان ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىقلا باشقا ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش، ئىجاد قىلىش ئارقىلىق جانلىقلاردا ئومۇميۈزلۈك بولىدىغان تۇغۇلۇشتىكى تاسادىپىيلىق ۋە ھەرىكەتتىكى پاسسىپلىققا ئوخشاش جانلىق- ھايۋانلىق رولىدىن ھالقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ زىرائەت تېرىشى، ئورمان بىنا قىلىشى، باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى، سەنئەت ۋە باشقا ئىدىيە- ئاڭلارنى يارىتىشى، بىر- بىرىنى ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشى قاتارلىقلار دەل ئادەملەرنىڭ جانلىقلىق ھالىتىدىن ئادەمىيلىككە ھالقىش ئېھتىياجىنىڭ بېشارىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەملەردىكى ھالقىش ئېھتىياجى دەل ئادەملەردىكى مۇھەببەتكە، سەنئەتكە، ئېتىقادقا ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتىلىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. تەشەببۇسكارلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈش- ئىجاد قىلغان نەرسىگە بولغان ياقتۇرۇش ئىجاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، مۇبادا ئادەملەر ئىجاد قىلالمىسا، ياخشى كۆرەلمىسە، ئۆزىدىن ھالقىش- جانلىقلىقتىن ئادەمىيلىككە ئۆرلەشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇنداق ئۆزىدىن ھالقىش ئېھتىياجىنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ يەنە باشقا بىر يولى بار. يەنى، «مەن ئىجاد قىلالمايمەن، بىراق گۇمران قىلالايمەن. ھاياتلىقنى گۇمران قىلالىساملا، ئۆزۈمدىن ھالقىيالايمەن» دېيىشتۇر. ئادەملەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ئۆزىنى ئىنە شۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇڭا، «ئادەمنىڭ جانلىقلىق ھالىتىدىن ھالقىش ئارزۇسى قوزغالغاندا، ئىجاد قىلىش ياكى ۋەيران قىلىش، مۇھەببەت ياكى نەپرەت ئۇنىڭ ئاخىرقى تاللىشى بوپقالىدۇ. ئىجاد قىلىش مۇددىئاسىغا ئوخشاشلا، بۇزغۇنچىلىق ئارزۇسىمۇ ئادەمنىڭ ماھىيىتىدە كۆكلەيدۇ. بىراق، ئىجاد قىلىش بىلەن بۇزۇش، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئەزەلدىن مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىيلىك ئەمەس. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ھالقىش ئېھتىياجىنىڭ جاۋابى. پەقەت ئىجاد قىلىش ئارزۇسى قانائەت تاپالمىغاندا، بۇزغۇنچىلىق ئارزۇسى ئۆرلەيدۇ»[38].

بىز ئېرىچ فرومنىڭ بۇ يەكۈنىنى چىن دەپ قارىساق، بىزنىڭ ئاساسىي مائارىپىمىز مەلۇم مەنىدە ھايۋانىيلىق ھالىتىدىن ئىجابىي مەنىدە ھالقىيالمايدىغان، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تېپىپ قىلالماي ئاتا- ئانىلىرىغا، دۆلەتكە يۈك بولىدىغان، جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، قېرىنداشلىرىنى داغدا قويىدىغان بىر دۆۋە ئەخلەت نوپۇسىنى ئىشلەپچىقارغان بولىدۇ. «كاللا ئىشلىمىسە پۇت- قولغا ئارام يوق» دېگەندەك، ئاساسىي مائارىپىدا قىڭغىر يول تۇتۇشتەك خاتالىقنىڭ زىيىنى ئۈچۈن كېلەچەكتە چوڭلار ۋە دۆلەت ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپلەپ بەدەل تۆلەيدۇ.

بىر جەمئىيەتتىكى بارلىق ئادەم ئوخشاش بەھرىمەن بولىدىغان مائارىپ پۈرسىتى ئەسلىي مەۋجۇد بولغان ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋە پەرقىنى يوقىتالايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئازايتىدۇ. مائارىپ پۈرسىتى دەرىجىلەنسە، بۇ خىل پەرق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. تەربىيىلىنىش پۈرسىتىنىڭ باراۋەرلىكى غايىسى نۆۋەتتە دۇنياۋى يۈزلىنىش بولۇپ، جۇڭگو مائارىپىدىكى «ئىككى ئاساسەن» پىلانى مۇشۇنداق غايە بىلەن تۈپكى ماسلىققا ئىگە. بىز «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك كونكرېت كۆرسەتكۈچلەردىن توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىشقىچە، تەربىيە شارائىتىنى ياخشىلاشتىن تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىچە بولغان ئەھمىيەتلىك نىشانلارنى بايقىيالايمىز.

ئەمما، جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يۇقىرى رايونلار بىلەن كېيىن قالغان رايونلار ئارىسىدا، بىر رايون ئىچىدىكى شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدا مائارىپ خىراجىتى جەھەتتە غايەت زور پەرق مەۋجۇد بولغان، تەرەققىياتى كېيىن رايونلار ۋە يېزىلار مائارىپ سېلىنمىسى جەھەتتە ئېغىر رەۋىشتە ئۆگەيلەنگەن

دۆلەت ئىكەن. مىسالەن ئالساق، «2000 ـ يىلى شائخەي شەھىرىدىكى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى 2791.63 يۈەن بولسا، خېنەن ئۆلكىسىدە 261.39 يۈەن بولۇپ، پەرق ئون ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاممىۋى خىراجىتى شائخەي شەھىرىدە 448.20 يۈەن بولسا، جياڭشى ئۆلكىسىدە 8.77 يۈەن بولۇپ، پەرق 51 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن. شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان رايون (2861.90 يۈەن) بىلەن ئەڭ تۆۋەن بولغان رايون(425.90 يۈەن)نىڭ پەرقى ئالتە ھەسسىدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاممىۋى خىراجىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان رايون (745.12 يۈەن) بىلەن ئەڭ تۆۋەن بولغان رايون (17.89 يۈەن)نىڭ پەرقى 41 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن»[39]. شۇ يىلى «خۇبېي ئۆلكىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتىدە شەھەر (881.46 يۈەن) بىلەن يېزا(62.19يۈەن) نىڭ پەرقى 14 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن، ئوتتۇرىچە ئاممىۋى خىراجەتتە شەھەر(38.94 يۈەن) بىلەن يېزا(0.02 يۈەن)نىڭ پەرقى 1947 ھەسسىگە يەتكەن»[40]. نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايىدىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەر، ئۆلگىلىك مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قورۇسى قۇرۇلۇشى ۋە قاتتىق دېتال سەۋىيىسى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جۇڭگودىكى نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىنلا ئەمەس، بەلكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن. ئاز ساندىكى ھەشەمەتلىك، راھەت مەكتەپ بىلەن كۆپ ساندىكى ئاجىز، نامرات مەكتەپ تەڭ مەۋجۇد بولۇپ، ئاساس مائارىپنىڭ غەيرىيلەشكەن ـ قالايمىقان ۋە غەلىتە مەنزىرىسىنى تۈزگەن. جۇڭگودا ئۇزاقتىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان نۇقتىلىق مەكتەپ تۈزۈمى ۋە پۇقرالىق ھوقۇقلاردىن تەڭ ـ باراۋەر بەھرىمەن بولۇشتەك سوتسىيالىزم پرىنسىپىغا تۈپتىن يات رەۋىشتە باش كۆتۈرگەن مائارىپنىڭ بازارلىشىش يۈزلىنىشى ئاز ساندىكى داڭلىق مەكتەپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىنى كەڭ ماكان ۋە زور پايدا پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، مەكتەپلەر ئارىسىدا غايەت زور پەرقنى پەيدا قىلغان. مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى باھالاشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان ئوقۇغۇچى مەنبەسى تەڭپۇڭلىقى بۇزۇلۇپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار بىر يەرگە يىغىلىپ قېلىپ، كىشىلەردە داڭلىق مەكتەپلەرگە بولغان ھۆرمەت سۇسلاشقان. جۇڭگونىڭ مائارىپ سىلىنىمىسىدىكى بۇنداق پەرقلەر تەبىئىيلا، تەرەققىياتى يۇقىرى ئۆلكە، شەھەر، رايونلار بىلەن تەرەققىياتى تۆۋەن ئۆلكە، شەھەر، رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ، بىر ئۆلكە، رايوندىكى شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پەرقنى تېخىمۇ كۆپەيتىشكە «ئۇل» سالغان.

راست گەپنى دېگەندە، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى جەريانىدا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىلاندى. ئەمما، پەرقلەر يەنىلا كۆپ. يامان بولغىنى، بۇ خىزمەت جەريانىدا شەكىلۋازلىق، كۆز بوياماچىلىقلارمۇ يۇقىرى چەككە يەتتى. مەن بۇ يىل (2007 ـ يىل) مەلۇم ناھىيىدىكى ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە «بىر ۋاراق جەدۋەلنى بۇزۇۋەتسە بەش يۈەندىن جەرىمانە تۆلەش»تەك قاتتىق تەلەپ ئاساسىدا 90 مىڭ يۈەنلىك قەغەز ئىشلەتكەنلىكىنى، شۇنچىلىك ئوقۇغۇچىسى بار يەنە بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئىشلىگەن جەدۋەللەرنى ئىككى ماشىنا بىلەن ناھىيىگە ئەكىرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىز «A4»(29.7cm×21cm) ئۆلچەمدىكى قەغەزنى بىرلىك قىلىپ ھېسابلاپ باقساق، بۇ 4500 توپ، 2 مىليون 250 مىڭ ۋاراق، 14 كۇب مېتىر قەغەز بولىدۇ. ئاشۇ مەكتەپ بەلكىم بۇ قەغەزنىڭ يېرىمىنى ئىشلەتكەندۇ. ئەمما بۇ سانلار بۇ خىزمەتنىڭ قانچىلىك رەسمىيەت بىلەن پۈتكەنلىكىگە شاھىت بولالايدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بۇ خىزمەتنى قانداقراق ئىشلەيدۇ؟ بۇ ماڭا نائېنىق. بىراق، بىزدىكى بۇ خىزمەت ھەددىدىن زىيادە كالاپايلىشىپ كەتتى. نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلە مۇشۇنداق «ئارخىپ قىزغىنلىقى»دا دىققەتتىن چەتتە قالدى.

نورمال ئوقۇتۇش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش تەربىيە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەقەللىي تەلەپ. يېزىلاردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئەمگەك ۋاقتى چەكتىن بەكمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى، ئەمگەكنى سۆيۈش روھىنى يېتىلدۈرۈش دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسىدە بار. ھالبۇكى، مەكتەپلەر دېھقانچىلىق مەيدانىمۇ ئەمەستە؟

مائارىپنى تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش، ئىقتىساد ئۈچۈن كونكرېت خىزمەت قىلدۇرۇش 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى دۇنيا ئاساس مائارىپىدىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك بولۇپ، ھۈنەر ـ كەسىپ مائارىپىدا مۇشۇ خىل يۈزلىنىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا يەنە ئوبيېكتقا قاراپ تەربىيىلەش ئىدىيىسىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. نۆۋەتتە، گېرمانىيە مائارىپىدا ھۈنەر ـ كەسىپ مائارىپى رەسمىي تۈزۈملەشكەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇپ بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە بەش يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەندە دۆلەت بەلگىلىگەن ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولسا ئاندىن ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتەپلىرىگە كىرەلەيدۇ. ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتەپلىرى «قوش تۈزۈم»لۈك مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھەپتىسىگە تۆت كۈن زاۋۇت ـ كارخانىلاردا پراكتىكا ـ ئەمەلىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن مەشغۇلات قىلىدۇ. يەنە بىر كۈن ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتىپىگە كېلىپ نەزەرىيە ئۆگىنىدۇ. ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتەپلىرى گېرمانىيىدە يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يېڭىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىپ، گېرمانىيە مائارىپىنىڭ بىر زور ئالاھىدىلىكى بوپقالغان. ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى زاۋۇت ـ كارخانىدىكى ئەمەلىيەت ئىمتىھانى نەتىجىسى بىلەن مەكتەپتىكى نەزەرىيە ئىمتىھان نەتىجىسى بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلىنىدۇ.

ئىمتىهاندا لاياقەتلىك بولغان ئوقۇغۇچى قىز، ئوغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى خىزمەت تاپالايدۇ. بەزىلىرى زاۋۇت- كارخانىلارغا، بەزىلىرى باشقا تارماقلارغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلار ھەم ئەمەلىيەت، ھەم نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيە ئالغانلىقتىن، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ساپاسىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ ھۈنەر- كەسىپ مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنمىگەن بالىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر نەتىجىسى ياخشىراق بولسا، ئىككى يىللىق كەسپىي پراكتىكا ئارقىلىق ئالىي دەرىجىلىك ھۈنەر- كەسىپ مەكتەپلىرىگە كىرىپ ئۆگەنسە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. يەنە ئالىي ھۈنەر-كەسىپ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى(ئىنستىتۇتى)غا كىرىپ داۋاملىق ئوقۇپ، چوڭقۇرلاپ ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھۈنەر- كەسىپ مەكتەپلىرىگە كىرسە بالدۇرراق ئىش تېپىش، تۇرمۇشتا ئۆزىگە تايىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ. زاۋۇت- كارخانىلارمۇ بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئالىدۇ. ئىشسىزلىق باش قېتىنچىلىقىنى ھەل قىلالايدۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلاردىكى خاسلىقنى ئەنە شۇنداق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بۇنىڭ پايدىسىنى ئەمەلىي كۆرۈۋاتىدۇ.

بىزمۇ ھازىر ھۈنەر- كەسىپ مائارىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىكى رولىنى كۆزلەپ خېلى كۈچەۋاتىمىز. بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى ئايرىم جەھەتتىن خېلىلا روشەن كۆرۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇنداق ئۈنۈملەرنىڭ ئارقىسىغا ئېغىر مەسىلىلەر يوشۇرۇندى. بىزنىڭ ھۈنەر- كەسىپ مائارىپى تەشەببۇسىمىز نۇرغۇن ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشسىز، ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات قېلىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ئوقۇغۇچىلار ھۈنەر- كەسىپ مائارىپىغا ئايرىلغاندىن كېيىنلا، ئۇلارغا ئۆتۈلىدىغان مەدەنىيەت دەرسلىرىنىڭ سۈپەت مەسئۇلىيىتى بىراقلا يوقىلىپ كەتتى. ھۈنەر- تېخنىكا ئىگىلەشكىمۇ ئىنچىكە تەلەپ قويۇلمىدى. ھۈنەر- كەسىپ مائارىپىغا ئايرىلغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ھەقسىز ئىشلەمچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دائىملىق قىلىدىغان ئىشى مەجبۇرىيەت، زېرىكىش ئىچىدىكى مېخانىك، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بولغاچقا، ئۇلاردا ناھايىتى تېزلا مەكتەپتىن زېرىكىش، بىزارلىق تۇيغۇسى باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئەخلاقسىزلىق ھەرىكەتلىرى بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «1997- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ(تولۇق ۋە تولۇقسىز)، ھۈنەر-كەسىپ ئوتتۇرا مەكتىپى (تولۇق ۋە تولۇقسىز)، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى ۋە يەسلىلەردىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 3 مىليون 577مىڭ 369 نەپەر، مىللىيلار 786 مىڭ 669 نەپەر بولغان. ھۈنەر-كەسىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى 39 مىڭ 855 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 12 مىڭ 860 نەپىرى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بولسا، تولۇقسىز ھۈنەر-كەسىپ ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 14مىڭ 183 نەپىرىدىن 12 مىڭ 937 نەپىرى مىللىي ئوقۇغۇچىلار بولغان»[40]. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش باسقۇچىدىكى بالىلارنى زور تۈركۈمدە ھۈنەر- كەسىپ مائارىپىغا ئايرىلىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى جىددىي ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

1974- يىلى نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شۋېتسارىيىلىك ئالىم گۇننار مىيردال (Gunnar Myrdal,1987 - 1898): «ئاسىيادا تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان پوزىتسىيە ۋە تۈزۈم چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ، مائارىپچىلارنىڭ تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىنىڭ مائارىپ ئەمەلىيىتى ۋە سىياسەتلىرىنى كۆچۈرۈپ ئەكېلەلمەسلىكىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇلار مائارىپنى كېيىنمۇ ئوخشاش سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەدەلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ»[42] دېگەنىكەن. جۇڭگونىڭ يېقىنقى گۈللىنىشى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە بارلىققا كەلدى. شۇڭا، بۇ تۈزۈمنى تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدۇ دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ. ھالبۇكى، مائارىپىمىزدا تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار دۆۋىلىنىپ ياتىدۇ. بۈگۈنكى ئاساس مائارىپ سۈپىتى ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇش، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىدىكى نومۇر ئارقىلىق ئەمەس، جەمئىيەتكە قايتقان كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتتىن قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپىمىزغا كەسكىن چۆچۈش ئىلكىدە قارىساق بولىدۇ. ھۆرمەتلەش، ئىلمىيلىك، دېموكراتىيە، ئەركىن- ئازادىلىك، ئايرىملىق، باراۋەرلىك، ئەمەلىيەتچىلىك، ئۈنۈم، كەسپنى قەدىرلەش قاتارلىق تەرەپلەر ئامېرىكا مائارىپ مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىل تەركىبلىرىدۇر. بىزنىڭ مائارىپى ئىلغار ئىدىيىلەرگە تويۇنغان ئەللەردىن ئۆگىنىدىغىنىمىز بەك كۆپ. بۈگۈنكە كۈندە مائارىپىمىزدىكى مەۋجۇد مەسىلىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشىمىز، شەكسىزكى، كەلگۈسىمىزگە بولغان «شىرىن قەست»تۇر.

بىز مائارىپىمىزدىكى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. تەتقىقاتلار ۋە ئىنكاسلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېتىبارغا ئېلىنىشى ۋە مەسىلىلەرنىڭ تۈزىتىلىشىگە تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە نازارەت- يېتەكچىلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئەۋلادلاردىكى كۆنسايىن كۈچىيىۋاتقان ياتلىشىش- ئېتىقاد، ئىنتىلىش، ئادەت، دۇنيا قاراش جەھەتلەردىن ئاتا- ئانىلىرىدىن تېز سۈرئەتتە يىراقلىشىش، ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلۇش ھالەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى مائارىپىمىزنىڭ كاتالىزاتورلۇقى ۋە بىخۇدلۇقىدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئاساس مائارىپىدا مىللىيلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەرقانداق مەنىدىكى زامانىۋى مائارىپتا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپ بەلگە بولۇپ، ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆپ خىللىق پرىنسىپىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. مائارىپنىڭ رىياسەتچىلىك مۇنبىرىنى پاكلاشتۇرۇشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلاردا ياۋاش- مەزلۇملۇق خاراكتېرى يېتىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئىجادچان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، تەشەببۇسكار روھ يېتىلدۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپلەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىشىگە، ھۈنەر-

كەسپ مائارىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدار ساۋاتسىزلىرىغىلا ئەمەس، يېزىق ساۋاتسىزلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىدەك ھالەتكە چەك قويۇشىمىز كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇلۇشىنى ئېشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنىڭ ئىلمىي تەرتىپلىك داۋاملىشىشىنى، تۇرلۇك خىزمەتتە شەكلۋازلىق، كۆز بوياماچىلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، ھەقىقىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۇرۇشىمىز كېرەك.

ج ك پ 13 ـ ،14 ـ ،15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مىللىي مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2003 ـ يىل 15 ـ مايدا ماقۇللىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹گوۋۇيۈەنىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى›»(ش ھ [2003]37 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت)دە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مائارىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقان، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر نىشانى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇجىنتاۋ بۇ يىل (2007 ـ يىل) ئۆكتەبىردە چاقىرىلغان پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى جەھەتتە: «... ئومۇمىيۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چوقۇم چىڭ تۇرۇش كېرەك...» دەپ كۆرسەتتى. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: «... مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش...»نى تەكىتلىدى. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە: «... ھەم پەرقتە ھۆرمەت قىلىش، كۆپ خىل بولۇشقا يول قويۇش، ھەم تۈرلۈك خاتا ۋە چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى كۈچەپ توسۇش كېرەك...» دەپ كۆرسەتتى. مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ: «... مائارىپ ـ مىللەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ ئۇلى. مائارىپ ئادىللىقى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ مۇھىم ئاساسى... مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش... كېرەك. مائارىپ قارىشىنى يېڭىلاپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئۇسۇلى... سۈپەت باھالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش... ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مائارىپنىڭ جامائەت پاراۋانلىق خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش... نامرات رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى مائارىپىغا يار ـ يۆلەك بولۇش... لازىم»[43] دەپ كۆرسەتتى. بۇ بايانلار بىزنىڭ ئاساس مائارىپىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىشىمىزغا نىسبەتەن يېتەكچى ھۆججەتلەردۇر. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان ئوتتۇز يىلدىن بۇيان جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىزچىل ئۆزگىرىش، ئىجابىي يۆنىلىشكە قاراپ بۇرۇلۇش ھالىتىدە تۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغىمۇ ئوقۇش تارىخى، بىلىم ساپاسى، كەسپىي ئۇنۋانى يۇقىرى ئىلىم ئەھلىلىرى سەپلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال ھەممىمىزنى ئۇمىدلەندۇرىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىز ئاساس مائارىپىمىزدىكى تۈزەتمىسە بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ تۈزىتىلىشىگە نىسبەتەن تۈرلۈك قانۇن ۋە سىياسەتتىن ئاساس بارلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە، مۇھىمى ھەر بىرىمىز يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن ئىجابىي كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك. بۇ، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»، «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»نىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

2007 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىردە يېزىلدى، 2008 ـ يىل 27 ـ فېۋرالدا تولۇقلاپ تۈزىتىلدى. بوستام ـ گۈلباغ

## ستاتا مەنبەلىرى


[1] رەن يۈنفېي: «كېيەل ـــ جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 335 ـ بەتتىكى نەقىل.

[2] جاۋ جاڭشىڭ: «ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەلا سۈپەتلىك مائارىپقا قانداق قارايدۇ؟»، «دۇنيا مائارىپى ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2004 ـ يىل 9 ـ سان 16 ـ بەت.

[3] سېپىنكېر ۋىللىس(ئامېرىكا): «ئافرىقىدىن چىقىش خاتىرىسى ـ ئىنسانلار ئەجدادلىرىنىڭ كۆچۈش ئىپوسى»، «شەرق» نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 156 ـ بەت.

[4] فرىدرىخ نېچشې(گېرمانىيە): «نېچشې ئەقلىيلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 5 ـ سان؛«زوروئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 73 ـ بەت.

[5] ئەسەد سۇلايمان: «ئىران بىلەن تۇراننىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان؛«تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 240 ـ بەت.

[6] بېرتراند رۇسېل(ئەنگلىيە): «جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پرىنسىپلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 93 ـ بەت.

[7] ئۇشىنسكىي(روسىيە): «ئۇشىنسكىينىڭ مائارىپقا دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

[8] يۇقىرىقى كىتاب 50 ـ، 55 ـ، 56 ـ، 82 ـ، 84 ـ، 85 ـ بەتلەر.

[9] قاراڭ: 1. ئۇشىنسكىي(روسىيە): «ئۇشىنسكىينىڭ مائارىپقا دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 85 ـ، 86 ـ بەتلەر؛ 2. جاڭ خۇەنتىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «غەربنىڭ بۇرژۇئازىيە مائارىپى نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى» ناملىق توپلام، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 487 ـ بەت؛ 3.

ئوشىنسكى (روسىيە): «ئادەم مائارىپىنىڭ ئوبيېكتىدۇر»(1- قىسىم)، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1989- يىل خەنزۇچە نەشرى 17- بەت: 4. ياڭ خەنلىن، جۇ سەي: «چەت ئەللەرنىڭ بالىلار مائارىپى تارىخى»، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى 1993- يىل خەنزۇچە نەشرى، 1998- يىل 2-نەشرى 2000- يىل 3- باسمىسى 201- بەت.

[10] جون دېۋېي(ئامېرىكا): «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1990- يىل خەنزۇچە نەشرى 10- بەت.

[11] چېن ۋېنبو: «گۇمانىزم پسىخولوگىيىسى»، جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003- يىل خەنزۇچە نەشرى 478- ، 479- بەتلەر.

[12] سىپېنكېر ۋېللىس(ئامېرىكا): «ئافرىقىدىن چىقىش خاتىرىسى- ئىنسانلار ئەجدادلىرىنىڭ كۆچۈش ئىيوسى»، «شەرق» نەشرىياتى 2004- يىل خەنزۇچە نەشرى 9- بەت.

[13]، [14]، [15] تەن چۇەنباۋ: «ئىقتىصاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 8- ، 23- بەتلەردىكى نەقىللەر.

[16] ئەسەد سۇلايمان: «ئىران بىلەن تۇرانىنىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 1-سان؛ «تەكلىماكاندا دىمىلەنگەن روھ »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 206- ،207- بەتلەر.

[17] جۇ گولى: «ئىسلام مائارىپى ۋە ئىلىم- پەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 2- ، 3- بەتلەر.

[18] گېتې(گېرمانىيە): «فائۇست»(1- توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 15- بەت.

[19] مارىتايىن(فرانسىيە): «مائارىپ ئاچالدا تۇرۇۋاتىدۇ»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتى، خاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتى تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن: «ھازىرقى زامان غەرب بۇرژۇئازىيە مائارىپ پىكىر ئېقىملىرى ماقالىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلام، خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1980- يىل خەنزۇچە نەشرى 274- ، 277- بەتلەر.

[20] ياڭ شياۋۋېي: «ئەسىرلەر ئارا تارىخنىڭ ئەكس ساداسى- جون دېۋېي مائارىپ نەزەرىيىسىنىڭ بۈگۈنكى ئامېرىكا مائارىپىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «مائارىپ تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) 2002- يىل 2- سان 52- بەتتىكى نەقىل.

[21] ،[22] ئەنگېن جۇلاڭ: «مېنىڭ مائارىپ قارىشىم»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى 46- ، 111- بەتلەر.

[23] ۋايدخېد(ئەنگلىيە): «مائارىپنىڭ مەقسەتلىرى»، «ئۇچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى 26- بەت.

[24] ، [25] ۋاڭ كۈنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى 113- ، 172- بەتلەر.

[26] ئەنگېن جۇلاڭ (ياپونىيە): «مېنىڭ مائارىپ قارىشىم»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى 1- ، 2- بەتلەر.

[27] خۇاڭ جىجىڭ، ۋېي شياۋمىڭ: «خەلقئارا مائارىپتىكى يېڭى پىكىر: مەدەنىيەت ھالقىغان مائارىپ»، «يەر شارى مائارىپىغا نەزەر » ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 2007- يىل 5- سان؛ «مائارىپ تەرمىلىرى ھەپتىلىك گېزىتى » (خەنزۇچە) 2008- يىل 16- يانۋار سانى 8- بەت

[28] جاۋ چاڭشاڭ: «ب د ت مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەلا سۈپەتلىك مائارىپقا قانداق قارايدۇ؟»، «دۇنيا مائارىپى ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە) 2004- يىل 9- سان 16- بەت.

[29] خۇ دېڭكەي: «بۈگۈنكى جۇڭگو مائارىپىغا كىملەر تەسىر كۆرسەتكەن»، جۇڭ چېجۇەن قاتارلىقلار باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو مائارىپىنى چۈشىنىش» ناملىق توپلام، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى 395- بەت.

[30] دېڭ جىۋېي: « خاسلاشقان ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى 2002- يىل خەنزۇچە نەشرى 326- بەت.

[31] ، [32]، [33] تەن چۇەنباۋ: «ئىقتىصاد تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسى»، مائارىپ ئىلمى نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 14- ، 23- ، 24- بەتلەر.

[34] رىن يۈنفېي: «كېيەل- جۇڭگو مائارىپىدىكى خەۋپ ۋە تەنقىد»، «جەنۇب» نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 26- بەتتىكى نەقىل.

[35] تەلئەت قادىرىي تۈزگەن: «بىز ئىزدەۋاتقان مائارىپ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى 1- ، 2-بەتلەر.

[36] ئېدۋارد شىلس(ئامېرىكا): «ئەنئەنە ھەققىدە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1991- يىل خەنزۇچە نەشرى 234- ، 235- بەتلەر.

[37] ئەخمەت كېبىر: «ساپا مائارىپمۇ، (خاتا) مائارىپمۇ؟»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىل نەشرى 373- بەت.

[38] ئېرىچ فروم (ئامېرىكا): «بېجىرىم جەمئىيەت»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى 2007- يىل 2- نەشرى 1- باسمىسى 39- بەت.

[39] ، [40] ياڭ دۇڭپىڭ: «جۇڭگو مائارىپىنىڭ ئادىللىقىدىكى غايە ۋە رېئاللىق»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل خەنزۇچە 1-نەشرى 2- باسمىسى 80- ، 82- بەتلەر.

[41] «شىنجاڭ مائارىپى يىلنامىسى»نى تۈزۈش ئىشخانىسى تۈزگەن: «شىنجاڭ مائارىپى يىلنامىسى(1990- 1998)»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999- يىل خەنزۇچە نەشرى 438- بەت.

[42] گۇننار مىيردال(شۋېتسارىيە): «ئاسىيانىڭ دىرامىسى- جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسى تەتقىقاتى»، پايتەخت ئىقتىصاد -سودا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000- يىل خەنزۇچە نەشرى 301- بەت.

[43] خۇجىنتاۋ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلايلى» (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 17- قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات)، «قەشقەر گېزىتى»2007- يىل 26- ئۆكتەبىر سانى 3- ، 5- ، بەتلەر.

ئاپتور: يوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى (M1)

**ماقالىنى بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى (تەكلىپلىك)**



# «ھېچقىسى يوق، سىلەر شەرقلىق ئەمەسمۇ...»

مۇھەممەت ھۇسەن

ئوقۇتقۇچىمىز 40 ياشلاردىكى ئېگىز بويى، قاڭشارلىق، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان تىپىك ئامېرىكىلىق ئىدى. بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ، جۇڭگودا ئون نەچچە يىل تۇرغان، خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئوبدانلا تەتقىق قىلغان كىشى ئىدى. ئۇ دائىم: «تىل ۋە مەدەنىيەت زىچ باغلىنىشلىق. تىل ئۆگىنىشتە ئۆلۈكلۈك يارىمايدۇ» دەيتتى ۋە بازارلاردا سېتىلىۋاتقان باللار ئىنگلىز تىلى VCD پلاستىنكىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۆرىسىنى قىسىپ قوياتتى.

ئۇ بەلگىلىگەن دەرسلىك، قېلىپلىشىپ قالغان گەپ-سۆزلەرنى ناھايىتى ئاز ئىشلىتەتتى. دۇنيا ۋەزىيىتى، گېزىت-تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ۋە ئاللىكىملەرنىڭ ماقالىلىرى توغرىسىدا بىزنى مۇنازىرىلەشتۈرۈشكە ئامراق ئىدى. بايانلىرىمىز ھەرقانچە ئاددىي بولسىمۇ ئەستايىدىل، زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. پەقەت ئاخىرىدىلا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا بايانلىرىمىز تولىمۇ يۈزە، بولۇپمۇ بەكلا بىر تەرەپلىمە ئىدى. كۆپ ھالدا ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاپ خىجالەتتە قالاتتۇق. بۇنداق چاغدا ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن: «ھېچقىسى يوق، سىلەر شەرقلىق ئەمەسمۇ» دەپ بىزگە «تەسەللى» بېرىپ قوياتتى ۋە «بۇ

## ئويلىنىپ قالدىم

كېيىمنى ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار» دەپ قوشۇمچە قىلاتتى.

ئوقۇتقۇچىمىزنى دۆلىتىگە يولغا سېلىپ قويغىلى خېلى كۈنلەر بوپقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق دەرستە ئوتتۇرىغا قويىدىغان تېمىسى ۋە ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىدىغان ھېلىقى گېپى پات- پات خىيالىمغا كېلىپ، نېرۋامنى غىدىقلاپ تۇرىدۇ.

## «قوينۇمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا»

ئوقۇتقۇچىمىز دەرس باشلىنىپلا بىزدىن چوڭ- كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە بىر- بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ چەمبەر سىزىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن: «ئەگەر سىلەردە يېتەرلىك ئىقتىدار بولسا ئاۋۋال كىملەرگە ياردەم بېرىسىلەر؟ ئەڭ مۇھىملىرىنى مەركىزىي چەمبەرگە، قالغانلىرىنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى چەمبەرگە ۋە چەمبەر سىرتىغا تەرتىپ بويىچە يېزىپ چىقىڭلار» دېدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدۇق. ئۇ، يازغانلىرىمىزنى تېز- تېز كۆرۈشكە باشلىدى. بىز ئۇنىڭ يەنە بىر نېمە دەيدىغانلىقىنى پەملىدۇق. ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى: «ھېچقانچە ئۆزگىرىش يوق. ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى. مەركىزىي چەمبەردە ئاتا- ئانا، قېرىنداش، ئاندىن كېيىن ئۇرۇق- تۇغقانلار، ئاندىن قولۇم- قوشنا، تونۇش- بىلىشلەر، ئەڭ ئاخىرىدا تونۇمايدىغانلار». ئۇ بىر پەس توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «ئامېرىكىدا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. كىشىلەر ئالدى بىلەن تونۇمايدىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. توغرا، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت، ئىككى خىل قىممەت قارىشى. مۇھىمى، بۇنىڭغا سىلەردىكى ‹قوينۇمدىن تۆكۈلسە قونجۇمغا› دېگەن ئىدىيە سەۋەب بولغان. سىلەر ياردەم بەرگەنلەرنىڭ بىر كۈنلەردە ‹ياخشىلىقنى قايتۇرۇش›نى ئۈمىد قىلىسىلەر»...

قارىسام، كۆپچىلىك خىيالغا چۆككەندەك قىلاتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ يەنە ھېلىقى گېپىنى تەكرارلىدى: «ھېچقىسى يوق...»

## دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پۇل چېكى

«دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پۇل چېكى قايسى دۆلەتتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ؟» دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچىمىز بىر قېتىم دەرستىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا. ئارقىدىن ھەر بىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزى ئالغاچ كەلگەن «China Daily» دېگەن گېزىتنىڭ باش بېتىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا بىز تېلېۋىزور، گېزىت- ژۇرناللاردا تولا كۆرىدىغان سۇلياۋدىن ئالاھىدە چوڭايتىپ ياسالغان پۇل چېكىنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. ئۇنى ئىككى ئادەم ئىككى چېتىدىن كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، پۇل سانى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىز ئاچتى: «مەن خېلى كۆپ دۆلەتكە بارغان. بۇنداق ئەھۋال باشقا دۆلەتلەردىمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، كېيىپ ئېيتالايمەنكى بۇنداق ‹ئالاھىدە چوڭ پۇل چېكى› جۇڭگودا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. تېلېۋىزور، گېزىت- ژۇرناللاردا كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەتتا بەزى سودا سارىيى، ئىدارىلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك جايىغا ئۆزى ياردەم قىلغان ‹غېرىب›لارنىڭ سۈرىتى ئېسىپ قويۇلغان. مېنىڭچە، ئىئانە، ساخاۋەت ئىشلىرى مەخپىيرەك بولغىنى تۈزۈك». ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «ئەلۋەتتە، سىلەردە ھازىر ئۇنداق ئىمكانىيەت يوق. كەلگۈسىدە شۇنداق ئىقتىدارىڭلار بوپقالسا، ئۇنداق قىلمايدىغىنىڭلارغا ئىشىنىمەن»...

## كۆرىدىغانلار بار

بىر قېتىم ئوقۇتقۇچۇم ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن كەلگەن بىر قانچە دوستىغا ھەمراھ بولۇپ بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلدى. بىر مىنىبۇسنىڭ بىر كۈنلۈكىنى كىرالاپ يولغا چىقتۇق. شەھەر سىرتىغا چىققاندا مىنىبۇسقا ماي قاچىلاشقا توغرا كەلدى. شوپۇرنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن مىنىبۇس ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئالدىدىكى يولغا توختىتىپ قويۇلغان پىكاپقا بوش تېگىپ كەتتى. بىز دەرھال مىنىبۇستىن چۈشتۇق. قارىساق، ھەر ئىككى ماشىنىنىڭ ئازلا يېرى ئازراق سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. شوپۇر ئەتراپتا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ دەرھال ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا ئوقۇتقۇچۇم قەتئىيلىك بىلەن شوپۇرغا ماشىنا ئىگىسى كەلگىچە ساقلاشنى ئېيتتى. شوپۇر ھېچكىم كۆرمىگەنلىكىنى، مېڭىپلا كەتسەك ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلىدىغانلىقىمىزنى تەكرارلايتتى. مەنمۇ شوپۇرغا بولۇشتۇم. شۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچۇم خۇددى مېنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك باشتىن- ئاياغ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن مەنىلىك قىلىپ ئىنگلىزچە دېدى: «شۇنداق، مېڭىپلا كەتسەك شوپۇر بىزنى تاپالمايدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنى ۋە بىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلار بار»...

خىجىللىقتىن يۈزۈم ئوت ئالدى. ئەلۋەتتە، شوپۇر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمەيتتى.

2007- يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاگرونومىيە ئىنستىتۇتىدا زىرائەت ئېكولوگىيىسى بويىچە 2006- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت (M1)



# قوشنا

(ھېكايە)

**گۈلباھار ناسىر**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەھەرلىكلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتكەن بىنادىن ئۆي سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى بىزنىمۇ ئارامىمىزدا قويماي، ئاخىرى ئىدارىمىزغىمۇ، بالىلارنىڭ مەكتىپىگىمۇ قولايلىق «گۈلزار» ئولتۇراق رايونىدىكى بىنالارنىڭ بىرىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئۆينىمۇ سېتىۋالدۇق. مۇشۇ كۈنلەردە ئەر ـ ئايال ئىككىمىزنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. دەسلەپ خىزمەتكە چىققاندا ئولتۇرغان، بىر دوستىمىز چاقچاق قىلىپ: «ھېلىقى گەمەڭلەر» دەۋالىدىغان تار، قاراڭغۇ بىر ئېغىزلىق ئۆينى دېمەي تۇرايلى، نەچچە قېتىملىق «كۆچۈش» نى باشتىن كەچۈرۈپ، ئالدىن تاپشۇرىدىغان بىر قىسىم پۇلى ئۈچۈن سارغىيىپ قەرز سورىمىغان ئادىمىمىز قالماي ئاران ئېرىشكەن، شۇ چاغدا باشقىلارغا ئاجايىپ يوغان بىلىنىپ كەتكەن 70 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيىمىزمۇ كىچىكلىكىدىن بەزىدە بىزنى خېلى تەڭلىككە سالاتتى. مېھمانخانىسى مەشرەپ ئوينىغۇدەك چوڭ، ياتاق، ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆيى باش پاتسا پۇت پاتمىغۇدەك دەرىجىدە تار ئۇ ئۆيدىن باللار چوڭ بولغانچە تېخىمۇ زېرىكىشكە باشلىغانىدىم. شۇڭا قەرز بولساقمۇ تېجەپ خەجلىسەك بىر گەپ بولار، دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپلا ھازىرقى بۇ ئۆينى ئالغان بولدۇق.

ئۈچ ئايغا سوزۇلغان ئۆي بېزەش جەريانىدىكى ھېرىپ ـ چارچاش، ئۆي بېزىگۈچىلەر، بېزەكچىلىك ماتېرىياللىرىنى ساتقۇچىلار بىلەن بولغان تۈرلۈك دەتالاش، قويۇلۇش، بۇزۇپ ـ ئوڭشاشتىن كېيىن ئاخىرى« ئۇھ» دەپ مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى كۆچمەكچى بولدۇق. گەرچە كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ، يېڭى ئۆيىمىزنى پاك ـ پاكىز

## ئېغىر تىنىقلار

تازىلاپ، توشۇيدىغاننى توشۇپ بولغان: ئۆي كۆچۈرۈش شىركىتىنىڭ ماشىنىسىدا كۆچكەچكە، بۇرۇنقى ئۆي كۆچۈشلەردەك ئەل- ئاغىنە، يېقىن - يۇرۇقلارنى ياردەمگە چاقىرىپ داۋراڭ قىلىپ كۆچمىگەن بولساقمۇ، ئۆيگە كىرىپ بېسىقىپ بولغىچە ئۇھ دېگۈدەك ھالىمىز قالمىدى . ئەكرەم بىر ياقتا ئالدىراش، ئۆي خىزمەتچىسى قىز، مەن — ئۈچىمىز پۈتمىز يەرگە تەگمەي چاپىمىز. «كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق» دېگەندەك، بوغچا - بوغچا قىلىپ تېڭىۋېتىلگەن، چوڭ- كىچىك يەشىكلەرگە قاچىلانغان بۇ لاقا-لۇقىلارنى جاي- جايىغا قويساق - قويساق تۈگەر ئەمەس. بولمىسىغۇ تاشلىغۇدەكلا نەرسە بولسا تاشلاپ كەلگەنىدۇق. بىر چاغدا ئۇسساپ ، چارچاپ مېھمانخانىغا چىقىپ قارىسام ئىككى بالام دىۋاندا ئاچ قورساق پېتى مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ . شۇئان ئۇمۇنغانىدەك ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۇدۇلدىكى ئۆيگە لاپ قىلىپ يەنە بىر قېتىم قارىدىم . ئەتىگەندىن بېرى لاقا-لۇقىلارنى توشۇپ كىرىۋېتىپمۇ، ئەخلەتلەرنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈۋېتىپمۇ، مېھمانخانىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىۋېتىپمۇ خۇددى ئىشىك ئىچىلىپلا ھىلىقى تولغان، قاش- كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا قويۇق گىرىم قىلىۋالىدىغان ياش ئايال قوشنام چىقىپ: «ۋاي، كۆچۈپ كېلىۋالدىڭلارمۇ ، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ، ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئۆيۈڭلارنى بېسىقتۇرساڭلارمۇ ئۈلگۈرىسىلەر» دەيدىغاندەك تەمە بىلەن چىلىڭ يېپىقلىق تۇرغان كۆلرەڭ تۆمۈر ئىشىككە قاراپ - قاراپ قويغانىدىم. ئۆيدە ئادەم يوقمىكىن دېسەم، تېلېۋىزورنىڭ بوش چىقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «ھەرنېمە بولسىمۇ ئۆز تىل، ئۆز دىللىق خەققە قوشنا بوپتىمىز. ھەم بىز بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەردىن ئىكەن. ‹يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا› دەپ، بۇندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتەرمىز» دېگەن خىياللىرىمدىن يالتىيىپ قالاي دېگەن بولسامۇ، «چوڭلار ئالدىراش ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك ... » دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم .

بۇرۇنقى ئۆيىمىزگە كۆچكەندە بالا ھەم بالا باققۇچى قىز بىلەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە بەكلا سىقىلغاچقىمۇ بىنا بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن كۆچۈپ كىرىۋالغانىدۇق . يېشى بىزدىن خېلىلا چوڭ ئۇدۇل قوشنىمىز ئۆيىنى ئالدىرىماي بېزىتىپ، كۆچۈپ كەلگەن كۈنى يېرىم كۈن مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ چۈچۈرە ئېتىپ ھاردۇق سورىغانىدىم. كېيىن ئۇلار بىلەن تېزلا ئىجىل-ئىناق قوشنىلاردىن بوپكەتكەنتۇق. يەتتە يىل قوشنىدارچىلىق قىلىپ، بىرەر قېتىم بىر- بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويىدىغان ئىشلار بولمىغانىدى . شۇڭا مەنمۇ ئەتىگەندىن بېرى گەرچە بۇ يېڭى قوشنامنىڭ ھاردۇق ئېشى ئېتىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەممۇ، ھېچ بولمىسا « كۆچۈۋالدىڭلارمۇ» دەپ ئەھۋال سوراپ قويار دەپ تەمە قىلىپ، ئىشىككە تولا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دېگەنىدى. ئاخىرى ئەكرەم كەچكە يېقىن «باللارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتتى» دەپ بازارغا بېرىپ تەييار تاماق ئەكەلدى . ھەممىمىز تېخى سەرەمجانلىنىپ بولمىغان ئاشخانا ئۆيدە سالپىيىپ ئولتۇرۇپ ، قوشۇقنى تاپساق چوكىنى تاپالماي، چەينەكنى تاپساق پىيالىنى تاپالماي دېگۈدەك غىزالىنىپ، يەنە ئۆي رەتلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق .

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنى كەچ كىرگىچە يېڭى قوشنىمىزنى كۆرمىدۇق. بولمىسا، ئالدىنقى كۈنى ئۆيىنى تازىلىغىلى كەلگەندە ئىشىك ئالدىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ئايال قوشنامغا ئالدى بىلەن سالام قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە كۆچمەكچى بولغانلىقىمىزنى دېگەنىدىم . ياتار چاغقىچە ئىشىك ئېچىلىپ بىرەر كىمنىڭ ئۆيگە كىرمىگەنلىكى ۋە ئۆيدىن بەزەن- بەزەن ئاڭلىنىپ تۇرغان گەپ-سۆزلەردىن ئۇلار مەن ئويلىغاندەك سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولماستىن بەلكى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم غەش بولدى. « قانداق بىر قوشنىغا ئۇچراپ قالغاندىمىز، ئەكرەم. خۇددى ئوغرىدىن قورققاندەك ئىشىكنى ھەممىدە ئېتىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان خەقكىنا بۇ ! ھېچ بولمىسا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:‹كۆچۈپ كېلىۋالدىڭلارمۇ؟› دەپ قويسا ئاغزى ئۇپراپ كېتەمدۇ ئۇ خەقنىڭ ؟» دېدىم كەچتە ئۇيقۇم كەلمەي يېتىپ. «ۋاي- ۋۇي مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ تەمەخورلۇقىنىزە... سېنى كۆچۈپ كەپتۇ دەپ سالامغا چىقىشى شەرتمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئويلىغىنى باردۇ. يوق ئىشلارنى ئويلىماي ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىنە. » ئەكرەم شۇنداق دەپ غۇدۇراپ قويۇپ بىر چەتكە ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتتى . ئەمما مەن چارچاشتىنمۇ ياكى غەشلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، خېلى بىر چاغقىچە ئۇخلىيالمىدىم .

كۆچۈپ كېلىپ 3- كۈنى بۇ قوشنىلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇ كۈنى كەچتە ئەكرەم ئىككىمىز بىر دوستىمىزنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپ كەچرەك قالغانىدۇق . بىنانىڭ ئالدىدا قىزى بىلەن تۇرغان ئايال قوشنامغا سالام قىلىپ تۇرۇشىمىزغا، ئەر قوشنىمىزمۇ پىكاپىنى قولۇپلاپ بىز تەرەپكە كەلدى. ياش بولۇشىغا قارىماي بويى ۋە توغرىسىغا تەڭلا تەن قويۇپ سەمرىگەنىدى. ئەكرەم كۆرۈشكىلى قولىنى سۇندىيۇ، ئۇنىڭ سۇسقىنە باش لىڭشىتىپ قىلغان سالىمىدىن ئېسىنى يىغىپ قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. « بىر يەرگە چىققان ئوخشىماسىلەر؟» سورىدىم قەستەن گەپ تەشمەكچى بولۇپ . « ھە، چوڭ ئۆيگە بارغانىدۇق، - ئايال قوشنام سەل تۇرۇۋېلىپ مۇنداقلا سوراپ قويدى، - ھە، بېسىقىۋالدىڭلارمۇ ؟»

— ھەئە، بىرەر قۇر بېسىقىۋالدۇق، قالغىنىنى ئاستا - ئاستا قىلىۋالارمەن ، - مەن ئۇنىڭ يەنە بىرەر نەرسە دېيىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. ئەمما بۇ چاغدا بىز 3- قەۋەتكە چىقىپ ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىغا كېپقالغانىدۇق. ئەر قوشنىمىز

«گەپ تۇگىدى» دېگەندەك ئاچقۇچىنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئېچىشقا باشلىدى . بىزمۇ ئامالسىز «ئۆيگە كىرمەمدۇق» دەپ قويۇپ ئۆيىمىزگە كىرىپ كەتتۇق .

بۇ يېڭى قوشنا بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىقىمىز ئەنە شۇنداق سۈس ۋە غەلىتە باشلاندى. ئۇلار ئۆيىدە كۆپ تۇرمايتتى، تولا چاغدا سىرتتا ياكى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېسە كېرەك، چۈشتە ئۆيگە قايتقىنىنى ياكى كەچتە بالدۇرراق كەلگىنىنى كۆرمەيتتۇق. چوڭ ئوغلۇم بىلەن تەڭ دېمەتلىك شالاڭ سارغۇچ چاچلىق ، يۈزى ئاق ھەم سوزۇك، ئەمما تولىمۇ ئورۇق، چىرايلىق قوڭۇر كۆزلىرى بىرەر نېمىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك ئەنسىز ھەم مىسكىن كۆرۈنىدىغان چوڭ قىزى كەچتە بوينىغا ئېسىۋالغان ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە بىر كىرىپ كەتسە، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمايتتى . پەقەت ئەتىگىنى ئۇچەيلەننىڭ بىللە چىقىپ پىكاپىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئارىلاپ كۆرۈپ قالاتتۇق . كىچىك بالىسىنى ھەپتىلىك يەسلىگە بەرسە كېرەك، شەنبە ـ يەكشەنبىلەردە ئۆيىدە پەيدا بوپقالاتتى.

مەن تۇرۇپلا خەقنىڭ مەخپىيەتلىكى، سىرلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېپقېلىۋاتاتتىم. بۇ يېڭى قوشنىمىزنى ھەم ئۇلارنىڭ ماڭا يوچۇن، غەلىتە بىلىنگەن تۇرمۇشىنى ھەيرانلىق، تېڭىرقاش بىلەن كۆزىتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە قۇربان ھېيت كەلدى. ئەكرەم ئەتىگەندە ھېيت نامىزىدىن يېنىپ بالىلارغا ھېيتلىق بېرىۋېتىپلا باشقا كورپۇستىكى ئەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قۇربانلىق قويلارنى سويۇشقا قاساپ تېپىپ كەلدى. بىزنىڭ قويغا نۆۋەت كېلىشى بىلەن ئۇ بالىلارنى:« قوينىڭ پاچىقىنى تۇتۇشۇپ بېرىسىلەر» دەپ پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. بالىلارنىڭ خۇشھال كۈلكە، ۋاڭ ـ چۇڭلىرى، ئەرلەرنىڭ «ھە ـ ھۇ»لىرى بىلەن قۇربانلىقىمۇ قىلىنىپ بولدى. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بۇ شەھەردە بولمىغاچقا، نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىمىز بويىچە بىر نەچچە ساۋاقداش يىغىلىپ ئاۋۋال ئالىي مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ ئۆيىنى پەتىلىگەندىن كېيىن، بالىلىرىمىزنى ئېلىپ ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، ھەممىمىز «چوڭ ئۆي» دەپ ئاتىۋالىدىغان ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەتتۇق . كەچتە قايتىپ كەلسەك قوشنىمىزنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرغانىكەن. ئۆيگە كىرىپ سەل دېمىمىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن:

ــ يۈرە، قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كىرىپ چىقايلى، ـ دېدى ئەكرەم .

ــ قانداق بولار، كۆچۈپ كەلگىلى ئىككى ئاي بولدى، تېخىچە تۈزۈكرەك سالام ـ سەھەت قىلىشمايدىغان تۇرساق ...

ــ ماڭە، بىر بولسا قوشنىدارچىلىق قىلالمىدۇق دەپ ۋايسايدىكەنسەن. بۇ دېگەن ئۇلۇغ ئايەم، قوشنىلار مۇشۇنداق چاغدا ئىزدىشىپ تېپىشىدۇ.

نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم تارتماي تۇراتتى ، شۇنداقتىمۇ ئەكرەمنىڭ گېپىنى يەردە قويغۇم كەلمىدى .

قوشنىمىزنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكنى چېكەي دەپ قولۇمنى ئاپىرىپ بولۇپىراق يەنە دىلىغۇل بولۇپ «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك ئەكرەمنىڭ كۆزىگە قارىدىم . «بولدى، چېكىۋەر» دېگەندەك ئىما قىلدى ئەكرەم. ئىشىكنى بوش چەكتىم، جىم، ئىككىنچى قېتىم قاتتىقراق چەكتىم ، يەنە جىم ، ئاخىرى «تاك، تاك، تاك» قىلىپ قاتتىقراق ئۈچ قېتىم چېكىۋىدىم، ئەر قوشنىمىز چىقىپ بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندەك مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى .

ــ ئايىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، ـ ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى ئەكرەم، ـ ھېچ كىرىش ـ چىقىش قىلىپ بولالمىدۇق، شۇڭا بۈگۈن بىر پەتىلەپ چىقايلى دەپ كىرىشىمىز .

ئەكرەمنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىنلا قوشنىمىز ئېسىگە كەلگەندەك سۇسلا قىلىپ:«ھە، كىرىڭلار » دەپ ئىشىكنى يوغانراق ئېچىپ قويۇپ كەينىگە داجىپ تۇردى . مەن شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىنى تازا راۋان سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم . ئىشىكتىن كىرگەندىكى تاماق يەيدىغان ئۆيگە قويۇلغان يوغان تاماق شىرەسىدە بىر توپ ئەر مېھمان ئولتۇرۇشقانىكەن، ئەكرەمنى شۇلار قاتارىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مېنى مېھمانخانىغا ـ دىۋانلارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپ ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ يېنىغا باشلىدى. ئايال قوشنام چاي دەملىگىلى چىقىپ كەتكەنىكەن. چاچلىرىنى ھەر خىل رەڭدە بوياۋالغان، كىيىنىشلىرى خۇددى چەت ئەللەرنىڭ كىنولىرىدىكى قاۋاقخانىلاردا يۈرىدىغان سەتەڭلەردەك بۇ ئالىپتە ئاياللار «نەدىن كەلدى بۇ خوتۇن، كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇپ » دېگەندەك قاراپ قويۇشۇپ، پارىڭىنى توختىتىپ جىممىدە بوپقېلىشتى. مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي سىقىلىپ غىڭقىدە بوپقالدىم. ئايال قوشنام ئۆي ياساشقا ئۇستا ئايالدەك قىلاتتى. پارقىراپ تۇرغان، ئىمپورت قىلىنغان ئېسىل ئۆي جاھازلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ تىزىلغان ھەر خىل نەپىس ياپقۇچ، چېچىنىنىڭ ھەل بېرىلگەن خرۇستال لوڭقىلىرى، رەڭلىك خرۇستال قاچىلىرى، بۇلۇڭغا قويۇلغان گۈللەر، بىر قاراشتىلا ناھايىتى قىممەت پۇللۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆينىڭ سۆلىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئېسىل يىپەك پەردىلەر، يەرگە سېلىنغان گىلەملەر بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر ماسلاشقانىدى. ئالدىمىدىكى شىرەگە تىزىلغان قاچا ـ قۇچىلارمۇ بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ۋە نەپىس ئىدى. ئۇنى بىزدەك مائاشلىق كىشىلەر مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇشقا ئەمەس، ئۆيىمىزنىڭ تۆرىگە بېزەك ئورنىدا تىزىپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىشقىمۇ چىقىنالمايتتۇق.

شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرسام ئايال قوشنام چاي ئېلىپ كىردى. ئىبخى ئىستاكاننىڭ ئىچىگە قەھۋە قوشۇقىدىن بىرى سېلىپ قويۇلغانىدى. «ئىلىك، ئىبقىلىك» دېگەندەك بىر- ئىككى ئېغىز تەكەللۇپ سۆزىدىن كېيىن قوشنام:«بۇ بىزنىڭ ئۇدۇل قوشنىمىز، يېقىندا كۆچۈپ كەلدى» دەپ مېنى تونۇشتۇرغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلارمۇ باشلىرىنى سۇسقىنە لىڭشىتىپ قويۇشتى. مەن «ئەكرەم نېمە قىلىۋاتقاندۇ» دەپ ئەرلەر ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ قويدۇم. ئوتتۇرىنى نېپىزراق ئەينەك تام توسۇپ تۇرغاچقا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، بىراق شاراق - شۇرۇق قىلغان ۋە «ئەكە، يەنە ئەللىك كوي بەر» ، «مەن ئۇتتۇم» دېگەندەك ئاۋازلاردىن ئۇلارنىڭ ماجاڭ (شىشخال) ئويناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ھاراقمۇ ئارىلاپ ماگدۇرۇلۇۋاتقاندەك قىلاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان ئاياللار ئەرلىرىنىڭ بۇ خىل ئويۇنلىرىغا كۆنۈپ كەتكەنمۇ ئەيتاۋۇر، خىرامان ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئولتۇراتتى. ئىبخى ئارىدا بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇپ قايتىپ كېلىپ: « بۈگۈن ئېرىمنىڭ تەلىيى كەلگىلى تۇردى، ئەرلىرىڭلارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ قويىدىغان بولدى جۇمۇ !» دېدى كۆرەڭلەپ. شۇ ئارىدا ئاياللاردىن بىرى: «ياخشىراق دېيىڭ يوقمۇ ؟ بۇ ئەرلەرنىڭ ئويۇنى كەچكىچە تۈگمەيدۇ، قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋەرگىچە دەي كۆرەيلىچۇ » دېيۇدى ، قوشنام سەل تەڭقىس بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر تەڭقىسلىق، سىقىلىش ئىچىدە قالماقتا ئىدىم. شۇڭا: «باللار يالغۇز ئىدى ، بىز چىقايلى، سىلەرمۇ پەتىلەپ كىرەرسىلەر» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ئالدىراپ. ئەكرەممۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەڭلا قوزغالدى . شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ تاڭ ئاتقۇچە بېسىقمىدى .

ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي بىر كۈنى كېچىدە بىر نەرسىلەرنىڭ ئۆرۈلگەن - چېقىلغان، ۋارقىراشقان ئاۋازلاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . ئاۋاز قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى .بىردەم يېتىپ باقتىم، بۇ ئۆيدىكى قىيا-چىيا ھېچ بېسىقىدىغاندەك ئەمەس. بىر چاغدا ئايال قوشنامنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ھەم ئەكرەمنى تۈرتۈپ ئويغاتتىم .

ــ ھە، نېمە بولدى؟-كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ سورىدى ئەكرەم .

ــ نېمە بولاتتى، ماۋۇ ئەر قوشنىمىز بايىدىن بېرى ئايالىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتىغۇ دەيمەن، ئۇزۇن بولدى جېدەل بېسىلمىدى...

شۇ گېپىم بىلەن ئەكرەممۇ سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئىشىكنى ئېچىپلا چىقىپ خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش ئەپسىز بولغاچقا ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇردۇق. ۋارقىراش-جارقىراشلار بېسىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئىبخىمۇ ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى . ئەر ھەر بىر ۋارقىرىغاندا بىرەر نەرسە سۇناتتى ياكى چېقىلاتتى . ئايال بولسا خۇددى گېلىدىن بىرى بوغۇۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى، تىللايتتى. قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى بىلەن ئىشىككە قول ئۇزاتتىم. «نەگە؟» شاققىدە بىلىكىمنى تۇتۇپ كۆزۈمگە قارىدى ئەكرەم .

ــ چىقىپ باقايلى، ئاچچىقىدا ئايالنى بىرەر نېمە قىلىپ قويمىسۇن يەنە ...

ــ چىقىپ نېمە دەيمىز ؟ ياخشى كۆڭلىمىزنى چۈشىنىپ قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ كىرىپتۇ، دەپ ئويلىسىغۇ مەيلى، ئۇنداق بولماي « ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ئۇرۇشامدىم، تالىشامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىشى، سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار» دېسە نېمە دەيمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشنا بىلەن تۇزۇكرەك كىرىش-چىقىشمۇ قىلمىساق.

ئەكرەمنىڭ بۇ گېپى بىلەن مەنمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم، ئەمما ئارقامغا يېنىپ كېتىپ خاتىرجەممۇ بولالمايدىغاندەك قىلاتتىم . شۇڭا «مۇشۇك كۆز»دىن ئۇدۇلدىكى ئىشىككە قاراپ تۇردۇم . ۋارقىراش - جارقىراشلار سەل پەسكارىغا چۈشتى ، ئەمما ئايالنىڭ تىللىغان ، يىغلىغان ئاۋازى يەنىلا ئارىلاپ چىقىۋاتاتتى .

ــ ئۇخلا، بولدى ،ـ دېدى ئەكرەم ئارقىغا يېنىپ.

ــتوختاڭە ، ناۋادا بۇ ئۆيدە بىرەر ئىش بوپقالسا، خەقلەر قوشنا تۇرۇپ كارى بولماپتۇ دەپ بىزنى ئەيىبلىمەمدۇ؟

ــ خاتىرجەم بوله، ھېچ ئىش بولمايدۇ. قارىماسەن ئايالنىڭ ئاۋازىنى، قاتتىق تاياق يەپ كەتكەن خوتۇن ئۇنداق ۋارقىراپ ئېرىنى تىللىيالمايدۇ. بۇلار بۇنداق ئۇرۇش-جېدەلگە كۆنۈپ كەتكەن خەقتەك قىلىدۇ. بولدى، سەن ئۇخلىمىساڭ مەن ئۇخلىدىم، - ئەكرەم شۇنداق دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئەنسىزلىك ئىچىدە «مۇشۇك كۆز»دىن قاراپ قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئاخىرى ئۇ ئۆيدىكى ۋارقىراش-جارقىراش بېسىققاندا پۇتۇم تالغان، ئۆزۈم مۇزلىغان ھالدا يېنىپ كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم .

ــ يېنىپ كىردىڭما ؟ ــ ئەكرەم ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا سورىغاچ قوللىرىنى مۈرەمدىن ئارتىلدۇرۇۋىدى، «ئوھۇش، ئۆتىڭە نېرى» دەپ خۇددى خوتۇنىنى ئۇرغان ئەر قوشنام ئەمەس ئەكرەمدەك قوپاللا سىلكىۋەتتىم .

ــ ھە، نېمە بولدى ؟ ــ ئاچچىق بىلەن سورىدى ئەكرەم ئۇيقۇسى ئېچىلىپ .

ــ ئەر كىشىنىڭ ئەڭ ئوسال-لوكچەكلىرى خوتۇنىنى ئۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق، چىدىماسلىقىنى مۇشۇنداق قىلىپ يوشۇرىدۇ...ــ يەنە نېمىلەرنى دېدىمكىن، بىر ھازا قايناپ

كېتىپتىمەن. ئەكرەم كۆزۈمگە راسا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن: «ساڭا جىن چاپلىشىپ قالدىمۇ نېمە، ئۆز ـ ئۆزۈڭگە سۆزلەپ» دەپ غۇدۇراپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ كېچە قارا بېسىپ، قالايمىقان چۈش كۆرۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى قوپسام قاپاقلىرىم ئىششىپ، يۈز تېرىلىرىم ساڭگىلاپ قوپۇپتىمەن. ئەمما شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەكرەم بىلەن تالادىن كىرىۋېتىپ مۇرىسى، كۆكسىنىڭ يېرىمى ئۇچۇق مودا كۆڭلەك كىيىپ، بولۇشىچە گىرىم قىلىۋالغان، ئۆزىگە ئوخشاشلا قېنىق گىرىم بىلەن قونچاقتەكلا ئوخشاپ قالغان قىزنى يېتىلىۋالغان ئايال قوشنامنىڭ بىنا ئىشىكىدىن ئېرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشكىنىچە كۈلۈشۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قاپتىمەن. ئەكرەم بوش تۇرتۇپ قويغاندىن كېيىنلا ئۆزۈمگە كېلىپ، قوشنىلار بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملىشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتۇق.

— قانداق، مەن نېمە دېدىم؟ قاراپ باقە، قوشنىمىز تاياق يېگەندەك تۇرامدۇ؟ ئېرىگە تېخىمۇ ئامراق بوپكەتكەندەك قىلامدۇ ـ نېمە؟ — بىنانىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا قۇلىقىمغا پىچىرلىدى ئەكرەم، — ئاخشام خۇددى ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرىدەك غەزەپ بىلەن قايناپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدى كۆرگەنسەن.

شۇندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى غەلۋە ـ جاڭجاللارغا پەرۋا قىلماپ كەتمەيدىغان بولدۇق.

بۇگۈن شەنبە بولغاچقا، ئادىتىم بويىچە ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆي تازىلىغاندىن كېيىن تاماققا تۇتۇش قىلدىم. چوڭ ئوغلۇم ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا كەتكەن، كىچىك ئوغلۇم مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. بىر چاغدا ئوغلۇمنىڭ بىرسىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئاشخانىدىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام، ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ قوشنىمىزنىڭ ئوغلىغا گەپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ:

— راست دەۋاتىمەن، ئۆيىمىزدە كىتاب جىق. «سەئەت ئۆدەك چۈجىسى»، «قىزىل بۆك»، «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن كىتابلار بار. تېخى ئاكامنىڭمۇ جىق كىتابى بار. ئىشەنمىسەڭ كىرە، ھەممىنى كۆرسىتەي

قارىغاندا بالام قوشنىمىزنىڭ ئادەتتە تالا ـ تۈزدە ئاسان كۆرگىلى بولمايدىغان ئوغلى بىلەن تونۇشقىلى ئۇلگۈرۈپتىكەن. ئاشخانىدا بولغاچقا ئۇ بالىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يىغىسى قۇلىقىمغا كىرىپ، ئىشىك جاڭگىدە يېپىلدى. بالام يىغلامسىرىغىنىچە قېشىمغا ھال ئېيتىپ كەلدى:

— ئاپا، ئۇدۇلدىكى ئاچاش بەك ئەسكىكەن. ئۇكىسى مەن بىلەن ئوينايمەن دېسە، «ئاپام خەقنىڭ ئۆيىگە كىرمە» دېگەن دەپ تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى ...

بالامنىڭ ئازار يېگەن بىچارە تۇرقىغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. ئىختىيارسىزلا ئۆزۈمنىڭ ھازىرمۇ گويا بىر شېرىن چۈشتەك تۇيۇلىدىغان بالىلىق خاتىرىلىرىم بىلەن بالىلىرىمنىڭ تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي ئۆتكۈزۈۋاتقان بالىلىقىنى سېلىشتۇرۇپ ئېغىر خۇرسىندىم. بۇ يېشىمىزدا ئاتا ـ ئانىمىز بىزنى ئۆيدىن تاپالايتتىمۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە قىيغىتىپ ئويناپ يۈرەتتۇق. ھېلى بېدىلىكتە بېدە كۆكى تەرسەك، بىردەمدە چوكانتالدىن چاچ ياساپ سېلىپ، ئوغۇللار ياساپ بەرگەن پېپىنى چېلىپ ئوينايتتۇق. ھېلى قايسىبىر مەھەللىگە ئۈجمە يېگىلى قاچساق، ھېلى ئۆستەڭگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلەتتۇق. قورسىقىمىز ئېچىپ كەتسە قايسى ئۆيدە تاماق پىشسا خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىكىدەك تارتىنماي كىرىپ يەۋېرەتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئاپىلىرىمىزنىڭ قولى بەك بەرىكەتلىكمىدىكىن ياكى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭمىدىكىن، ئىشقىلىپ قوشنا ـ قولۇملارنىڭ بالىلىرى خۇددى بىر ئۆينىڭ بالىلىرىدەك ئارىلىشىپ بىللە يۈرەتتۇق. ئاش تاپامدۇق، نان تاپامدۇق، ھەتتا بىر تال ئالما، بىرەر باش قوناق، نەچچە تال توڭ غورا تاپساقمۇ بىللە يېيىشىپ، تېخى كەچلىرى ئايرىلىشقا چىداشماي بىر ـ بىرىمىزنىڭكىدە قونۇپ قېلىپ دېگۈدەك يۈرۈپ چوڭ بولغاندۇق. مانا ئەمدى بۇ باللار گۈلگۈن دالىلاردىنلا ئەمەس، بىر ـ بىرىدىنمۇ ئايرىلىپ ياشاۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا كىچىكىدىنلا بىر ـ بىرىگە گۇمانىي نەزەردە قاراشنى ئۆگىتىۋاتىمىز.

شۇ خىياللار بىلەن تاماق ئېتىۋېتىپ، تۇرۇپلا قوشنىمىزغا تاماق سۇنۇپ قويۇشنى ئويلاپ قالدىم. بەلكى مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىش بىلەن بالىلىرىمىزغا بولسىمۇ كىرىش ـ چىقىش يولى ئېچىلار.

مەززىلىك ھىدى ئۆينى بىر ئالغان پولۇنى بالىلىرىمغا ئۇسماستىنلا بىر تاۋاققا تولدۇرۇپ ئۇسۇپ، ئۈستىگە تاۋاقنى تولۇق ياپقۇدەك يوغان ناندىن بىرنى يېپىپ قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. ئۆينىڭ ئىچىدىن ساپما كەشنىڭ شىپىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە سەل جىمىپ كەتتى. قارىغاندا، «كىمكىن؟» دەپ «مۇشۇك كۆز»دىن قاراۋاتقان بولسا كېرەك، خېلىدىن كېيىن ئىشىك تاراققىدە ئېچىلدى. ئەر قوشنام «نېمە ئىشىڭ بار؟» دېگەندەك ئىشىكنى توسۇپ چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ھالدىن ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇچىسىغا ياقىسى مەيدىسىگىچە چۈشكەن، كەڭلىكىدىن قولتۇقلىرى چىقىپلا قالغان ئاسما مايكا، يوتىسىغا كېلىدىغان كەڭ كالتە ئىشتان كىيىۋالغان، مەيدە، قولتۇق، پاچاقلىرىدىكى قاپقارا تۈكلەر مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغان قوشنام بەئەينى ئېيىقتەكلا ئوخشاپ قالغانىدى. قوشنامنىڭ بۇ تۇرقىدىن ھودۇققىنىمدىن نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەي دۇدۇقلاپ كەتتىم ۋە مىڭ تەستە ئېسىمگە كېلىپ: «بۇ ئاشنى باللار تېتىپ باقسۇن دېگەنتىم» دەپ يەرگە قارىغىنىمچە تاۋاقنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ئىپادىسىز

قوشنامدىن «رەھمەت» دېگەن سۆزنىمۇ ئاڭلىمىدىم. ئۇ بەلكى دېگەندۇ ياكى دېمىگەندۇ...

ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىپمۇ خىلىغىچە «خۇدايىم تووا» دېدىم ئىچىمدە. مەنغۇ بۇگۈن تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدىم، ئۇنى دېمىگەندىمۇ ئۆيىدەتوققۇز-ئون ياشلارغا كىرىپ قالغان قىزى باركەنغۇ ئاخىر...قانداق كىيىنىش، قانداق يۈرۈش بۇ- ھە؟! ئۇلار زامانىنىڭ بەك ئالدىدا كەتتىمۇ ياكى مەن زامانىنىڭ كەينىدە قالدىممۇ؟

خىيال بىلەن بالىلارغا ئاشنى ئۇسۇپ ئەمدى گۆشىنى توغراي دەپ تۇرسام ، ئىشىك چېكىلدى. چىقسام، قوشنىمىزنىڭ قىزى بايىقى تاۋاقنى كۆتۈرگىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. تاۋاقتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن سوپۇن، خىنا، ئەتىر دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى. دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىمدە، قىزچاقنىڭ قورۇنۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. بۇ قىزچاققا نېمە دەيمەن؟ «مەن ئۇ تاماقنى سىلەرگە بىرەر نەرسىگە تېگىشكىلى چىقارمىغان، ئۇ دېگەن قوشنا ھەققى، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟» دەمدىم. بوپتۇلا، بىلمىگەندە ئەيىب يوق، دەپ تېخى تېگى سوۋۇپمۇ ئۈلگۈرمىگەن تاۋاقنى قىزچاقنىڭ قولىدىن «ھەشقاللا» دەپ ئالدىم.

ئەقلىمنى بىلسەم، بىر ئىدارىنىڭ قورۇسىدا بىر توپ قوشنا بىللە ياشايدىكەنمىز. ھەممىمىزنىڭ ئايرىم ھويلا - ئاراملىرىمىز بولسىمۇ، خۇددى بىر ئۆينىڭ كىشىلىرىدەك كىرىپ - چىقىشىپ يۈرىدىغىنىمىزنى، كىم قايسى ئۆيدە نېمە تاماق ئەتتى، بىلىپ تۇرىدىغىنىمىزنى غۇۋا ئەسلەيمەن . بەزىدە قوشنىلارغا تاماق سۇنۇپ بىراقلا تۆت- بەشتىن قاچىمىز باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە، بەزىدە بىزنىڭ ئۆيگە قوشنىلارنىڭ ئۈچ- تۆت قاچىسى يىغىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئاپام: «ئالدىرىمىغانىراق چاغدا ئوبدان تاماق قىلىپ بۇ قاچىلارنى قايتۇرۇپ بېرىۋەتسەم بولاتتى» دەپ جىددىيلىشىپ قالاتتى . بەزىدە مېنى قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىدە قالغان قاچىلارنى قايتۇرۇپ چىقىشقا كىرگۈزسە قوشنىلار: « قاچىنى بۇنداق قۇرۇق قايتۇرساق بولمايدۇ» دەپ زادىلا بەرمەيتتى . ئۆپكە - ھېسىپ قۇيغان ، قوناق چۆچۈرىسى ( كۆك قوناق چۆچۈرىسى ) ، كاۋا مانتىسى دېگەندەك تاماقلارنى ئەتكەندە، بوۋام سەھرادىن بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈك، شاپتۇللارنى ئەكەلگەندە ئۆزىمىزگە ئاز قالسىمۇ، ھەتتا يەتمىسىمۇ «قوشنا ھەققى» دەپ تەخسىلەرگە ئېلىپ جىمى قوشنىغا كىرگۈزەتتى. بىزدە كۆكى چىققاندا بولسا قوشنا ئاياللار بىر يەرگە يىغىلىپ، چاناپ تەييارلىۋالغان قىيما بىلەن يېيىۋالغان جىلتىنى يانلىرىغا قويۇۋېلىپ جاھان پارىڭى سىلىشقاچ تۈگۈپ، لېگەنلەرگە ئايلاندۇرۇپ تىزاتتى. خالىغان بىرلىرىنىڭ ئۆيىدە پىشۇرۇپ، چوڭ - كىچىك، ئەر- ئايال، بالىلار ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ ئېغىز تېگەتتۇق. ھېلى تاماق سۇنغىنىمدىن قاتتىق ھەيران قالغان ۋە تاۋىقىمنى

دەرھال بىرمۇنچە نەرسە بىلەن قايتۇرۇپ چىقىرىپ بەرگەن قوشنامغا قاراپ، باللىقىمىزدىكى ئاشۇ ئىشلار يېقىن كەلگۈسىدە بىر گۈزەل رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالامدۇ نېمە، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم .

بىر كۈنى كەچتە بالىلارغا تاپشۇرۇقنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرگەچ، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپى بىلەن كونىئول كوچىسىنى نەچچە ئايلاپ ئاران تېپىپ كەلگەن بىزە كۆكنى ئادالاپ ئولتۇراتتىم ، قۇلىقىمغا ئىشىكنىڭ بوش چېكىلگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى .

ــ چىقىپ قاراپ باقە بالام، بىرى ئىشىك چېكىۋاتقاندەك قىلىدۇ، داداڭ قايتىپ كەلدىمىكىن، ـ دېدىم كۆك چۆچۈرىسىگە ئامراقلىقىدىن « مەنمۇ ئادالىشىپ بېرەي» دەپ يېنىمغا كېلىۋالغان چوڭ ئوغلۇمغا .

ــ ۋاي، توي بۇنداق بالدۇر تۈگىمەيدۇ، ئاپا، ـ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىش خۇشياقماي شۇنداق دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى ئوغلۇم. شۇ ئارىدا يەنە ئىشىكنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس چېكىلگىنى ئاڭلاندى. ئۆزۈم بېرىپ ئىشىكنى ئاچسام، نازۇك بەستى شامالدا قالغان يۇمران مايسىدەك تىترىگەن قوشنامنىڭ قىزى ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ــ ئۇكام ... ئۇكام بەك قىزىپ كېتىۋاتىدۇ... ــ ئۆمچىيىپ يىغلىۋەتتى قىزچاق. ساپما كەش بىلەنلا قىزچاقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم . مەڭزى قىزىرىپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، ئىششىغان قاپاقلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بالا دىۋاندا سوزۇلۇپ ياتاتتى. يەردىكى گىلەمدە ھەر خىل ئويۇنچۇق، ئىچىملىك قۇتىسى، مايدا پىشۇرۇلغان تەييار يېمەكلىكلەرنىڭ قاپلىرى، بىرمۇنچە پلاستىنكا قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئىتتىك كېلىپ بالىنى يۆلەپ پېشانىسىنى تۇتتۇم ، بالا ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى .

ــ ئاتا- ئانىڭىزغا تېلېفون قىلدىڭىزمۇ ؟ ـ سورىدىم قىزچاقتىن .

ــ قىلدىم. ئەمما، چىقمىسىز بار دېگەن، نەدىكىن؟ تېلېفونى ئېلىنمايۋاتىدۇ، ــ قىزچاق يىغلامسىراپ جاۋاب بەردى . بالىنى كۆتىرىپلا ئۆيگە ئېلىپ كىردىم ، ئاچچىقمۇ ئىشىكنى تاقاپ ئارقامدىن كىرىشنى ئېيتتىم . دەرھال تېرمومېترنى ئېلىپ قويسام بالىنىڭ قىزىتمىسى 38.9 چىقتى .

ــ ئۇكىڭىز زۇكاممىتى ؟

ــ ئۇقمايمەن. مەكتەپتىن كەلسەم ئاپام چايغا ماڭىدىغانغا تەييار بوپ تۇرۇپتىكەن. دادام ئۇكامنى خاسىيەت ئاچاشنىڭ ئۆيىدىن ئەكېلىپ قويۇپلا ئىككىسى تەڭ كەتكەن. ئۇكامنىڭ ئانگىناسى بار، پات - پات قىزىپ قالىدۇ .

مەن دەرھال لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ بالىنىڭ بېشىغا قويۇپ، دورا ئىزدەشكە تۇتۇندۇم . مېنىڭمۇ كىچىك بالىلىرىم بولغاچقا ئۆيدىن قىزىتما ياندۇرىدىغان ، ياللۇغ قايتۇرىدىغان دورىلار

ئۈزۈلمەيتتى. بالىغا ئاۋۋال قىزىتمىنى چۈشۈرىدىغان دورا ئىچۈرگەندىن كېيىن ياللۇغ قايتۇرىدىغان دورىنى بېرىپ، ئىسپىرت بىلەن بالىنىڭ قولىقىنىڭ ئاستى، تىقمى، قولتۇق، بىلەكلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدىم. ئارىلاپ سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ ئىچۈرۈپ تۇردۇم. بۇ جەرياندا بالىنىڭ ئاچىسى بىلەن ئىككى ئوغلۇم خۇددى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىكى سېسترالاردەك ھېلى قايناقسۇ ئەكەلسە، ھېلى لۆڭگىنى قايتىدىن ھۆل قىلىپ سىقىپ ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى. ئارىدىن يېرىم سائەتلەر ئۆتۈپ بالىنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك باللارغا ئارىلىشىپ ئويۇنغا چۈشۈپ كەتتى. بايىقى يېرىم سائەتلىك ھەمنەپەسلىك باللارنىڭ كۆڭلىنى بىردەمدىلا يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئوغۇللىرىم ئۇلارغا ھېلى ئويۇنچۇقلىرىنى كۆرسەتسە، ھېلى كىتابلىرىنى كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئۈچ ئوغۇل بالا بەكلا چىقىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلارنى ئوينىشىغا قويۇپ بېرىپ بېدە كۆكىنىڭ قالغىنىنى ئادالاشقا تۇتۇندۇم.

— ئاقلاۋاتقىنىڭىز قانداق سەي؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى قىزچاق ئوغۇللارنىڭ ئويۇنىدىن زېرىكىپ ئاستا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— بېدە كۆكى.

— بېدە كۆكى؟

— ھەئە، سىز يەپ باقمىغانما؟

— ياق. بۇنى قانداق يەيدۇ؟ سوغۇق سەي قىلىپما؟ — يەنە سورىدى قىزچاق باللارچە قىزىقىش بىلەن.

— ياق، سوغۇق سەي قىلمايدۇ، چۆچۈرە تۈگىدۇ. بېدە دېگەن ئەتىيازدا ئەڭ بۇرۇن چىقىدىغان خاسىيەتلىك كۆك. بۇنى يېسە قىشچە بەدەندە يىغىلغان زەھەرنى تازىلايدۇ. ھە راست، يەنە تېخى كالتىسى تولۇقلايدۇ. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق پايدىلىق نەرسىلەرنى يېگەچكە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن...

مەن بۇ قىزچاقنىڭ كۆك چۆچۈرىسىنى يەپ بېقىش تۈگۈل تېخى بېدە كۆكى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈپ كەتتىم. بۇ قىزنىڭ بېدە كۆكىنى بىلمەسلىكى تەبىئىي. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى بىلەمدىغۇ؟ بېدە كۆكى بۇ شەھەردىن تېپىلمايدىغان نەرسە ئەمەسقۇ؟ بالا دېگەن بىلمىگەننى ئاتا ـ ئانىسىدىن ھەمدە ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن، ئەل ـ جامائەتتىنمۇ ئۆگىنىدىغۇ؟ ئۇ يەنە قانداق ـ قانداق نەرسىلەرنى بىلمەس، چۈشەنمەس...

شۇلارنى ئويلاپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. بىر چاغدا ئىشىك شىرىقلاپ، ئەكرەم كىرىپ كەلگەندىلا ئۆزۈمگە كېلىپتىمەن. ئۇنى كۆرۈپلا قوشنامنىڭ قىزى خۇددى ئاپىسى بىلەن دادىسى ھازىرلا قايتىپ كېلىۋالىدىغاندەك ئالاقزادە بولغىنىچە ئۆكىسىنى چىقىپ كېتەيلى، دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى.

— بىردەم ئويناپ چىقىپ كېتىڭلار، قارىغە، ئۆكىڭىزنىڭ خۇشال بوپكەتكىنىگە — دېدىم قىزچاققا.

— ئاپام بىلەن دادام ئاچچىقلايدۇ... ئۆيدىن سىرتقا چىقماڭلار دېگەن، — دېدى قىزچاق خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ.

قىزچاقنىڭ چۆچۈپ تۇرغان تۇرقىغا قاراپ مەنمۇ ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قالدىم. ئەمما ئەتىسى چۆچۈرە تۈگۈۋېتىپ قىزچاقنىڭ چۆچۈپ تۇرغان مەيۈس كۆزلىرى، «بۇ قانداق سەي» دەۋاتقاندىكى ھەيرانلىق نەزەرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى دەممۇ دەم ئىزتىراپلىق ئويلارغا سېلىپ تۇردى. چۆچۈرىنى پىشۇرۇپ ئالدىم. يەنىلا قىزچاقنىڭ «بۇ قانداق سەي» دېگەن سوئالىنى سوراۋاتقاندىكى ھەيرانلىق كۆزلىرى، تۇرۇپلا« كىرىپ كۆك چۆچۈرىسى يەپ چىقىڭ» دەپ قىزچاقنى چاقىرىپلا چىقايمۇ ـ يە دەيمەن. يەنە قىزچاقنىڭ «دادام بىلەن ئاپام ئۆيدىن چىقماڭلار دېگەن» دېگەن سۆزىنى، شۇنداقلا ئەر قوشنامنىڭ ھېلىقى چاغدىكى ئەپتىنى ئويلاپ توختاپ قالىمەن. شەنبە بولغاچقا قىزچاق ۋە ئۆكىسى ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، پىشۇرۇلغان بىر تەخسە كۆك چۆچۈرىسىنى چوڭ ئوغلۇمدىنلا كىرگۈزدۇم. ئوغلۇم ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا ئالدىنقى قېتىملىق تاۋاق كىرگۈزگەن ساۋاقنى ئويلاپ: «تەخسىنى ئاپام ئىشلىتىدىكەن» دەپ قاراپ تۇرۇپ ياندۇرۇپ چىققىن، دەپ تاپىلاشنىمۇ ئۇنۇتمىدىم. شۇنداق دېسەم ئۇلارغا تەخسىنى بىرەر نەرسە بىلەن قايتۇرۇش ئاۋارىچىلىكى بولمايتتى. دېگىنىمدەك ئوغلۇم تەخسىنى ياندۇرۇپ كىردى.

— ئۆيدە كىم باركەن، — سورىدىم ئوغلۇمدىن.

— ئاپاش باركەن، ئاپام بۇنى تېتىپ باقسۇن دېگەن، دېسەم، كۆزۈمگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن تەخسىنى قولۇمدىن ئالدى، — دېدى ئوغلۇم خۇددى قاملاشمىغان ئىشقا بۇيرىغىنىمدىن ئاغرىنغاندەك تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ. شۇنداقتىمۇ قىزچاقنىڭ كۆك چۆچۈرىسىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان تۇرقى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ، كۆڭلۈم بىر خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىكتىن يورۇپ قالغاندەك بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا بازارغا بېرىپ ئانچە ـ مۇنچە لازىمەتلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ، ئادىتىم بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ۋە قوشنامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىپ قويۇلغان ئەخلەت خالتىلىرىنى تاشلىۋەتكىلى ئېلىپ ماڭاي دەپ شۇنداق ئېڭىشىپلا، بىرى گەجگەمدىن مۇزدەك بىر چېلەك شىلىمشىق يۇندىنى قۇيۇۋەتكەندەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئالدىمدىكى ئەخلەت خالتىسىدا كۆك چۆچۈرىلىرى ئەخلەتلەرگە قوشۇلۇپ مىچىلداپ ياتاتتى...

ئاپتور: «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى(M3)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يېڭى باشلىقنىڭ ئەڭ ياقتۇرمايدىغىنى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كونا باشلىقنى ماختىشىدۇر.

▲ تەپەككۇر — كۆزنىڭ كەينىدىكى كۆز، باشقىلار ئېيتمىغان سۆز.

▲ «سېرىق» يۇمۇر ئېيتقۇچىلار باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە ئېرىشسىمۇ، ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

▲ ھۈنەرۋەننىڭ شاگىرت تەربىيىلىشى، ئۆزىگە رىقابەتچى يېتىشتۈرگەنلىكىدۇر.

▲ قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى ئېھتىياجدۇر.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغىنىنى بەلگىلىيەلمىسىمۇ، قانداق ئادەم بولىدىغىنىنى بەلگىلىيەلەيدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ دوستۇڭدىن قەرز ئالما، تۇغقىنىڭدىن قىز.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا «كاڭدى» ئۇرۇقنى ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنىدا پىركارچىك

## يۈرەكتىن تارىغان ئۈنچىلەر

▲ تەرەققىيات دېمەك بىر- بىرىنى يېڭىش دېمەكتۇر.

▲ ئەتىگەنلىك تاماقنى ئاتا- ئانا، خوتۇن- بالىلىرىڭ بىلەن، چۈشلۈك تاماقنى دوستلىرىڭ بىلەن، كەچلىك تاماقنى دۈشمىنىڭ بىلەن بىللە يە.

▲ بىلىم تەكرارلانسا يېڭى بىر بىلىم ھاسىل بولىدۇ؛ ئاداۋەت تەكرارلانسا يۈرەكتە يېڭى بىر ئۆچ- ئاداۋەت دېغى.

▲ بالىلىقتىكى يىغا نادانلىق يىغىسى، ياشلىقتىكى يىغا سۆيگۈ- مۇھەببەت يىغىسى، قېرىلىقتىكى يىغا تەجرىبە- ساۋاق يىغىسى.

▲ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھەممە نەرسە خورايدۇ،

ئەمما ئادەمنىڭ دەردى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ـــ ئامانگۇل ئابدۇرەشىد

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلىم تولۇقلاش ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ سىرلىق ــ مەۋجۇدلۇقۇڭ.

▲ئۈمىد ــ كۆڭۈل تىنچلاندۇرۇش دورىسى.

▲ خاتالىقنى كۆپ سادىر قىلغانسېرى ئۆزۈڭنى كىچىك بالىدەك ھېس قىلىشقا باشلايسەن.

▲ باشقىلار ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزۈڭنى خۇددى بۆرىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان قوزىدەك ھېس قىلىسەن.

▲ باشقىلارغا يوچۇق قالدۇرمىغىنىڭ پۈتۈنلۈكۈڭ، باشقىلاردىن يوچۇق تاپقىنىڭ ئۈستۈنلۈكۈڭ.

▲ ھەيران قېلىش ــ ئەڭ چوڭ ئۆگىنىش پۇرسىتى.

▲ ئۆز ئاجىزلىقىڭنى ھېس قىلالىساڭ، باشقىلارنى ياراتماسلىق ھوقۇقۇڭنىڭ يوقلۇقىنى بايقايسەن.

▲ خاراكتېردىكى ئاجىزلىقىڭ ــ ھەممە ئاجىزلىقىڭنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ موھتاجلىق ــ ھەممىنى بەرپا قىلىدۇ.

▲ گۇمان بىر بولسا تەپەككۇرغا يول ئاچىدۇ، يەنە بىر بولسا تەپرىقىچىلىككە.

▲ ئۆزۈڭگە ئېھتىياجلىق قىلىش ــ بويسۇندۇرۇشنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن تۈرى.

▲ سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭ ئارقىلىق يۆلەپ تۇرالايسەن.

▲ ئادەمنىڭ بىرگە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىكىگە، يەنە بىرگە باشقىلارنىڭ ئەخمەقلىكىگە كۈلگۈسى كېلىدۇ.

▲ سوئال ئارقىلىق باشقىلارنى خىجىل قىلغىنىڭ، بىر بولسا، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى چاندۇرغىنىڭ، يەنە بىر بولسا بىلىمنى تولۇقلىۋېلىشى ئۈچۈن يول ئاچقىنىڭ.

▲ شەخسىي تارىخىڭنى سۆزلەش ئارقىلىقلا ئەيىبىڭنى ئاشكارىلىۋېتىسەن.

▲ كەلگۈسىنى يارىتىش ــ ئۆزىنى ياراتقانغا مەنسۇپ.

▲ تارتقان جاپايىڭ ئىزىڭدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ راھىتىگە ئايلانغاندا، سەن قەھرىمانغا ئايلىنىسەن.

▲ نېمىنىڭ ھاياتىڭدا كەم ئىكەنلىكىنى بايقىيالىغان ۋاقتىڭدا، يېڭىچە بىر يولغا كىرگەن بولىسەن.

▲ ئىرادە بىرگە ئەڭ يېقىن ئادەمنى، يەنە بىرگە ئەڭ يامان ئادەمنى ئەسلەش ئارقىلىق چىڭىيدۇ.

▲ نەپرەتلىنىش ــ جىمجىت ئۇرۇش.

▲ ۋاقتىنىڭ نېمىلىكىنى پۇرسەت كەتكەندىن كېيىن ھەقىقىي ھېس قىلالايسەن.

▲ ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنىڭ ماختىغىنىغا ئىشەنمەي، تىللىغىنىغا پەرۋا قىلماي ياشىيالىساڭ مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان بولىسەن.

▲ ھۆرمىتىڭ ئۆزۈڭگە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشتىن كېلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىڭنى بىرگە كۆرۈشۈپ، يەنە بىرگە سۆزلىشىپ بىلەلەيسەن.

▲ ياخشى كۆرىدىغىنىڭ كۆپەيگەنسېرى ئېرىشىدىغىنىڭ شۇنچە ئازلاپ بارىدۇ.

▲ دۈشمىنىڭ سېنى چۈشىنىپ بولغان ۋاقىتتا سەن ئالىلىقاچان قىلتاققا چۈشۈپ بولىسەن.

▲ دۈشمەنىنىڭ ئەڭ يامىنى، سېنى ئىچىڭدىن تۇگەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغىنىدۇر.

▲ دۈشمەن (يامان)دىن شۇنداق ئېھتىيات قىلغىنكى، ئۈچاڭدىكى كىيىم ـ كېچەكلىكىڭگە قونغان چاڭ ـ توزاننى قاققاندەك.

▲باشقىلارنى ئالدىغىنىڭ ــ ئاخىرى يالغۇز قالىدىغىنىڭ.

▲ كۆڭۈل ئاياي دېسەڭ سۆزۈڭنى ئايا.

▲ كۆيدۈرۈپ ئالدىغاندا ۋاپا يوق، سۆيدۈرۈپ ئالدىغاندا ھايا.

▲ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەربىيىلىگەن بالىسىدىن بىلىنىدۇ.

▲ قىز ــ كەلگۈسىدىكى بىز.

ـــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلتۈستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ۋاقىت تولىمۇ رەھىمسىز. ئۇ ئاخىرى ھەممىنى ئېپكېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بىزگە ھەممىنى بەرگەن.

ـــ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتىدا خەنزۇتىلى مۇئەللىمەسى

▲ ھىجايىغاندا بىر گەپ بار، خۇشامەتتە بىر مەقسەت.

▲ بىر نىشانىنى ئويلاۋەرسەڭ يا ئەسەبىيلىشىسەن، يا

نەتىجىگە ئېرىشىسەن.

— ئابلىمىت ئىبراھىم (قىيان)

ئاپتور: بېگىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

▲ بىلگىنكى، ئەخلاق ئۆزىنى تۈزەشتىن، ساقلىق ئۆزىنى كۆتۈشتىن، قىزىقىش ئۆز غايىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن، خۇشاللىق ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىگە ئېرىشىشتىن، ئۇلۇغلۇق ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇشتىن، ئۆزۈن ئۆمۈر ساغلام تەن ۋە ئېسىل مىجەز يېتىلدۈرۈشتىن كېلىدۇ.

— ئابلىكىم ئابدۇرەھىم

ئاپتور: گۇما ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇيەتتىش ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

## مەنمۇ دەپ باقاي

▲ بەك يەرگە قاراپ ماڭسىڭىزمۇ ئۆرۈلۈپ كېتىسىز، بەك ئاسمانغا قارىۋالسىڭىزمۇ پۇتلىشىپ كېتىسىز. ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭسىڭىز ئۇنىڭ ئەكسىچە.

▲ باشقىلار ھەۋەس بىلەن باققاندا دانالار قىزىرىدۇ، ساختا شۆھرەت ئىگىلىرى گېدىيىدۇ.

▲ دەۋر شۇنداق ۋارقىرايدۇ: «بىلىم ئال، ئىجاد قىل! بولمىسا، يوقال!»

▲ ئارقاڭدىكىلەرنى ئىزدىسەڭ چېكىنىسەن، ئالدىڭدىكىلەرنى ئىزدىسەڭ ئالغا.

— ھەسەنجان ئوبۇل

ئاپتور: شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ھازىر جىڭجۇ خۇاگخې پەن- تېخنىكا ئىنستىتۇتى تەييارلىق سىنىپىدا

※ ※ ※

▲ ئايال كىشىنىڭ قولى چاققان بولسا ئەرگە بەلەك، ئېغىزى چاققان بولسا جانغا ئىكەك، دىيانەتلىك بولسا ئائىلىگە بەرىكەت.

— مۇتەللىپ ھوشۇر

ئاپتور: قەشقەر گەز دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى

▲ خۇلق ئادەمگە نىسبەتەن دارۋازىلىقتىكى تەڭشەك.

▲ دىپلوم ۋە ئۇنۋانلار ھەرگىزمۇ ئادەم مەنىۋىيىتىنىڭ بەلگىسى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ ماركىسىدىنلا ئىبارەت.

— تۇرسۇن ھەسەن

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە دېھقان

▲ شۇ مەڭگۈ ئېسىمدە بولسۇنكى، دان چېچىلغان يەرنىڭ ئاستىغا ھامان قاپقان قۇرۇپ قويۇلغان بولىدۇ.

▲ گۈلزارلىقتا گۈل شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ساڭا ھەقىقىي لەززەت ئاتا قىلالايدىغىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسى.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم (تەنھا)

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەت تارماق ئەترىتى قاغىلىق ناھىيە جېكرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە سىياسىي يېتەكچى

## ئەقىل تەرمەچلىرى

▲ ئىش- ئەمگەكتە دوست بولغانلار جېنىڭغا دوست، ئويۇن- تاماشىدا دوست بولغانلار پۇل- مېلىڭغا دوست، داستىخاندا دوست بولغانلار نېنىڭغا دوست.

▲ دۈشمىنىڭ سەندىن مەسىلە ئىزدەيدۇ، تاپسىمۇ يوشۇرۇپ ساڭا دېمەيدۇ؛ دوستۇڭ سەندىن مەسىلە ئىزدىمەيدۇ، لېكىن بايقىغان ھامان ئۇنى سەندىن يوشۇرمايدۇ.

▲ قەلەم قىلىچنىڭ دەستىسىگە، ئەلەم بىسىغا ئوخشايدۇ.

▲ ۋاقىتنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرالىغانلىق، دەل ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتكەنلىك.

▲ مېنىڭچە، يۈز يۈەن پۇلۇڭ بولسا، ئون يۈەنىنى كاللاڭغا خەجلەپ 90يۈەننى قانداق خەجلەشنى ئۈگەنسەڭ، تاپقان پۇلۇڭ ساڭا ھەقىقىي مەنپەئەت ئەكېلىدۇ.

▲مەغلۇبىيەتكە ئارقاڭنى قىلساڭ دۆم چۈشسەن، قوپمىقىڭ تەس؛ ئالدىڭنى قىلساڭ ئوڭدا چۈشسەن، قوپمىقىڭ ئاسان.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

※ ※ ※

▲ كېچىكىپ ئەقلىنى تاپقانلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئاچچىق ساۋاق.

▲ سەندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن دوست بولغانلار سەن تاشلىمىساڭمۇ سېنى تاشلىۋېتىدۇ.

— جۈرئەت ئاۋۇت

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ھەسەل ھەرىسى ھەسەل ئىشلەپچىقىرالىغىنى ئۈچۈن ئاشىق بۇلبۇل قانچە سايرىسىمۇ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن گۈلنىڭ لېۋىگە سۆيەلەيدۇ.

▲ بالىلىقىمنى سېغىنغاندا بۇرۇتۇم خەت تارتىپ قاپتۇ؛ ياشلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىمگە ئېچىنىپ ئولتۇراتتىم، يۈز-

كۆزۈمنى قورۇق بېسىپتۇ؛ مانا ئەمدى ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتكەندە ئەجەل گېلىمنى بوغدى.

ــ ئادىل يۇنۇس (ئۇتتېكىن)

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەييارلىق 10 ـ سىنىپ (گۈزەل سەنئەت ماتارىيى) ئوقۇغۇچىسى

## ھايات دولقۇنلىرىدىكى تەمتىرەش ۋە كۈتۈشلەر

▲ باشقىلار تاشلىۋەتكەندە ئاغرىنما. ۋاقتى كەلگەندە سەنمۇ تاشلىۋېتىشنى ئۆگىنىسەن.

▲ «ئانا» دېگەن سۆزدە ۋۇجۇد تىترىسە، «ئاتا» دېگەن سۆزدە زېمىن تىترەيدۇ.

▲ سەن سائىما ۋاپاسىزلىق قىلغان كىشىنى ئازابلىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيسەن.

## گۈزەل زېمىندىكى تەنھا ھېسلار

▲ سەن مېنى مازاق قىلسەن، مەن سېنى مازاق قىلمەن. لېكىن ۋاقىت ۋە تۇرمۇش ھەممىمىزنى مازاق قىلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئۆتمۈشىنى سورىماي، ئۆزۈڭنىڭ رېئاللىقتىكى ئورنىنى چىڭ ساقلا.

▲ جاپا تارتىشنى بىلمەيدىكەنسەن، راھەت كۆرۈشنىمۇ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىسەن.

▲ ھەممىمىز مېھىر ـ مۇھەببەتكە موھتاج كىشىلەر. لېكىن چۈشىنىشمەسلىكىمىزدىكى سەۋەب ـ ئارزۇ ـ ئارمىنىمىز ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماي ئازاب چەككۈچىلەرمىز.

## كەچمىشلەر ئىچىدە ياشايسەن ئۇزاق

▲ تىرىشچانلىق تەقدىرىڭنى ئۆزگەرتىدۇ، بىلىم كۆز قارىشىڭنى يېڭىلايدۇ.

▲ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمە، بەلكى ئۆزگەرمەي نادان قېپقېلىشىدىن ئەندىشە قىل.

▲ ئىنسانلار ئەزەلدىن تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالاكەت باسقۇچىغا، ھالاكەت باسقۇچىدىن تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتۈپ ياشىغان.

▲ خەلقنىڭ كۆز يېشىنى كۆرەلىگەن ئادەم ھەقىقىي قەھرىمان بولالايدۇ.

▲ خەلق قوزغىغان ھاياجان ئەڭ ئالىيجاناب ۋە ئۇلۇغ ھاياجاندۇر.

▲ ھەقىقەت خەلق ئىچىدە دەۋران سۈرىدىغان دەھشەتلىك بوران ياكى مەيىن سوغ شامال.

▲ شەھەرلىكلەر سەھراغا كەلسە، سەھرالىقلار ئۆچەك تىزىۋاتقاندەك تۇيۇلسا، سەھرالىقلار شەھەرگە بارسا، شەھەرلىكلەر مۇسابىقىگە قاتنىشىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ.

▲ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئەڭ يىرگىنىشلىك قىلمىش ــ يۈزسىزلىك.

ــ شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان» تاللا بازىرىدا پىركازچىك

* * *

▲ بىلىمسىز كىشىلەردىكى ئاددىي ـ ساددىلىق ئۇلارنى تېخىمۇ بىلىمسىز، نادان كۆرسەتسە، بىلىملىك كىشىلەردىكى ئاددىي ـ ساددىلىق ئۇلارنى تۇمان ئارىسىدىن چاقناپ تۇرغان قۇياشتەك جۇلالاندۇرىدۇ.

ــ ئابلىكىم مۇھەممەت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازىرىدا خۇسۇسىي دوختۇر

## تاغدىن ـ باغدىن

▲ بىلىم بىلەن ئۆمۈر تەتۈر تاناسىپ، بېسىم بىلەن قارشىلىق ئوڭ تاناسىپ.

▲ دۈشمىنىڭگە قول سۇنساڭ پۇت ـ قولۇڭغا كىشەن سېلىپ ئالدىغا بارغانغا، ئۇنىڭغا مىننەتسىز ياردەم قىلساڭ دۈشمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرگەنگە ئوخشاش.

▲ باي بولالمايدىغانلار ــ تەمەخورلار، نىشانغا يېتەلمەيدىغانلار ــ خىيالپەرەسلەر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قانائەت خالتىسى مەڭگۈ تولمايدۇ.

▲ ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپادىسى ــ كۆزى كىچىكلىك، تەمەخورلۇقنىڭ ئىپادىسى ــ كۆزى تويماسلىق.

▲ بىراۋ ئورۇنسىز ماختىسا سەن بەك زېرەك بول، ئۇ بىر تۈلكە؛ ئارقاڭدىن يامان گېپىڭنى كۆپ قىلسا، بەك ئەنسىرەپ كەتمە، ئۇ بىر توخۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ياكى كەمچىلىكىنى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكىڭ، ئۇنىڭغا قايسى نەزەر بىلەن قارىغانلىقىڭدا.

▲ پۇل تاپاي دېسەڭ بېخىلراق بول، يول تاپاي دېسەڭ سېخىيراق.

ــ ھاشىم ئەھەت

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2007 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بەزى ۋاقىتلاردا بەزى ئىشلار مەخپىي تۇتۇلىدۇ. بىراق، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ھېچبىر مەخپىيەتلىكى يوق ھالدا ئاشكارىلىنىدۇ. بەلكىم بۇ قىممەتنىڭ نىسپىيلىكىدۇر.

— خاسىيەت ئېلى

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى ئەمەلىي قوللىنىشچان خىمىيە 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەملەر مەنپەئەتكە تاقاشقاندا ھەتتا خۇدانىڭمۇ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

▲ كۆزگە ئەڭ يېقىن تۇرۇپ كۆرۈنمەيدىغىنى كىرپىك.

— ئابلەتجان شۈكۈر (خۇشچاقچاق)

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە دېھقان

## كېسەل كارىۋىتىدىكى خىياللار

▲ ئادەملەر ئۆمرىدە ئىككى نەرسىگە مەڭگۇ ئۆكۈنۈشى مۇمكىن. بىرى، قولىدىكى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىگە، يەنە بىرى، قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىگە.

▲ ئۆزىگە خاس مائارىپ ئەندىزىسى بولمىغان مىللەت — قورالسىز جەڭگە ئاتلانغان قوشۇنغا ئوخشايدۇ.

▲ ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى پۇل بىلەن ئۆلچەنگەن جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ.

— پەيزۇللا ئابدۇۋاھىد

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا توپلۇق باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

* * *

▲ ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدىغانلار، ئۇنى چۈشەنگەندە ئاللىبۇرۇن بەختسىزگە ئايلىنىپ بولىدۇ.

— ھەسەنجان مۇسا

ئاپتور: شىنجاڭ تىبابەت ئۇنىۋېرسىتېتى «يېتۈك ئىز باسارلار» ئىنستىتۇتى كلىنىكا دورىگەرلىكى 2007-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھېسسىيات ئادەمنى ۋىجدان بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ؛ ئەقىل ئادەمنى تەدبىر بىلەن ياشاشقا يېتەكلەيدۇ.

— تۇرسۇنئاي ئابدۇغوپۇر

ئاپتور: نىلقا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز ئالىم بولۇش ئۈچۈن باشقا تىللارغا موھتاج بولىمىز. بىراق ئادەم بولۇش ئۈچۈن پەقەت ئانا تىلىمىزغا موھتاجدۇرمىز.

— مۇبارەك

ئاپتور: جېنەن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ سودا ئالاقىسى بۇرۇنقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىش ۋاستىسى بولغان بولسا، ئۇچۇرلىشىش ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىش ۋاستىسىدۇر.

— ئېلمانجان تاھىر

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، بىرى كورلۇقنىڭ، يەنە بىرى ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ يۈزى بارنىڭ قەدرى بار.

▲ بار كۆڭۈلسىزلىكنىڭ مەنبەسى ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى تولۇق چۈشەنمەسلىكتۇر.

▲ شەھەردە ئادەم، سەھرادا پۇل تاپماق تەس.

▲ دېھقان چىشىدىن، كادىر چېچىدىن بالدۇر قېرىيدۇ.

▲ سەۋىيەڭدىن جۈرئىتىڭ مۇھىم.

▲ تەرەققىيات پۇل ۋە يۈز تېپىشتۇر.

▲ ياشاش ئۈچۈن پۇل، ياساش ئۈچۈن بىلىم كېرەك.

▲ ئادەم بىرى كۈچىنى، يەنە بىرى ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىكتىن خار-زەبۇنلۇقتا ياشايدۇ.

▲ خەقكە يېلىنماي ياشاي دېسەڭ بىرى تېجەشلىك، يەنە بىرى ھۈنەرلىك بول.

▲ نادانلارنى ئۇرۇشتۇرماق ئاسان، ئويۇشتۇرماق قىيىندۇر.

▲ كۆپ گەپ قىلىش بىر بولسا يالغانچىلىقنىڭ، بىر بولسا نادانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ۋاقتىدا ئۈزۈۋېلىنمىغان مېۋە ئەخلەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

▲ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ، بىرى ئالدىراپ كۆڭۈل، يەنە بىرى ئالدىراپ ۋەدە بەرمە.

▲ سوۋغات بىر بولسا كۆڭۈل، بىر بولسا يەمچۈكتۇر.

▲ مەۋجۇدلۇق — ئۆز-ئۆزىگە ئىگە بولۇشتۇر.

▲ باشتا بوش تۇرغان ئىشنىڭ ئاخىرى يوق بولىدۇ.

▲ يامانلىق ــ دوزاخقا سەپەر.

▲مۇھەببەتنىڭ يولى بار، يۇرتى يوق.

▲ مۇھەببەت يوقسۇزلۇقتا، نەپرەت خورلۇقتا سىنىلىدۇ.

▲ «مۇھەببەت سەن نەدە؟» دېگۈچىلەر ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويغان، «مۇۋەپپەقىيەت سەن نەدە؟» دېگۈچىلەر ئۆزىنى تېپىۋالغان كىشىلەردۇر.

▲ سۆيگەن يارىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ بىرى بازارغا، يەنە بىرى كىتابخانىغا باشلاپ كىر.

▲ نومۇس قىلمايدىغان ئادەم تورمۇزى يوق ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشەنچىسىگە ئېرىش.

▲ دۈشمىنىڭنى يېڭەمەن دېسەڭ ئۆزۈڭگە رەھىمسىز بول.

▲ دوست ـ دۈشمەنلىرىڭنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، بىر بولسا ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىڭنىڭ، بىر بولسا كۈچىيىۋاتقانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نەرسە خىيال، ئەڭ ئاچچىق نەرسە رېئاللىقتۇر.

▲ بۇ دۇنيادا بىرى ئوغرى، يەنە بىرى خائىن ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالمايدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

## تەپەككۇرۇمدىن تامچە

▲ گۇناھىڭنى تونۇپ تۈزەتسەڭ باشقىلارغا ئىبرەت، ئۆزۈڭگە ئاچچىق ساۋاق؛

گۇناھىڭنى تونۇپ ياخشى يولغا ماڭساڭ باشقىلارغا ئۈلگە، ئۆزۈڭگە بەخت.

ــ ئابدۇسەمەت ئەھمەت

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە دېھقان

⁂ ⁂ ⁂

▲ غەرب ئەللىرىدە مەنسەپدارلارنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەندىن كېيىن تورغا چۈشىدىكەن، بىزدە بولسا چىرىكلەشكەن مەنسەپدارلار تورغا چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن سېسىق نامى پۇر كېتىدۇ.

ــ ئابلىز ئوسمان يەركەندىي

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى

▲ سەن ئۇرۇمچىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى بىلمەكچى بولساڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆيلىرىگە كىرىش بىھاجەت. پەقەت يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارنى كۆرگىنىڭدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرگەندەك بولىسەن.

ــ ھۈسەيىنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ سەھرادا ھەرىكەت تولا، شەھەردە بەرىكەت.

▲ ئورۇنسىز گۇمان ئورۇنسىز خاپىلىقنى، بىھۇدە غەم ۋاقىتسىز قېرىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئالدىراڭغۇ ئادەم پالاكەت كېلىدۇ، كالانپاي ئادەم ھاماقەت.

▲ ئارزۇ ـ غايە ئەزگۈ تىلەك ئارقىلىق ئەمەس، كۈچلۈك بىلەك ئارقىلىق رويابقا چىقىدۇ.

▲ ھاراقكەشنىڭ يۈرىكى سېسىدۇ، پۇتكەشنىڭ بۆرىكى.

▲ ئەقلى يوقنىڭ ئىشى يوق، ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق، ئېشى يوقنىڭ بېشى يوق.

▲ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 2 ـ ساندىكى «بىز قايەرگە بارماقچى؟»ناملىق مۇلاھىزىسىنى جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەمگە ئوقۇپ بەرسەم دەيمەن.

ــ ئابدۇراھەت ئاباق

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە ئاقتو بازار ياغچاق كەنتىدە دېھقان

⁂ ⁂ ⁂

▲ سىرىڭ ــ سۇرۇڭ (ھەيۋەڭ)دۇر.

▲ ئۆزىنى بىلىش ــ بارلىق بىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

ــ نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قارا تېكىن سەنئەت كومپيۇتېرى» مەركىزىدە

▲ شەھەرگە ھاكىم بولۇشنى ئويلىساڭ، ئاۋۋال ئاچچىقىڭغا ھاكىم بول.

ــ بۇۋىجەننەت ئىمىننىياز

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 13 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەمنى تۈزۈمگە قارىغاندا پۇل بەكرەك بويسۇندۇرىدۇ.

— مۇختار ھامىد

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەقلىنىڭ غەلىبىسىگە تىل تەنتەنە قىلىدۇ.

▲ گۈزەلنىڭ دۈشمىنى كۆپ، گۈلنىڭ كۆشەندىسى.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ئىنسان قانائەتىنىڭ ئەمەس بەلكى ئارزۇ-ئارمانىنىڭ قۇلى.

— قۇربانجان ياسىن

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ھېسلىرىم

▲ تارىختىن مەلۇمكى، نادان ئەلدە دانانىڭ قەدرى بولمىغان، قۇل ئەلدە قەھرىمانىنىڭ .

▲ سەنئەتنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغ بىلگەن مىللەت، باشقىلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ بېرىدىغان مىللەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى سىگانلاردۇر.

▲يوقىلىش ھېچقانداق قەدىر- قىممىتى يوق نەرسىگە قارىتىلغان.

▲ تارىخ ۋە كەلگۈسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان كىشىلەر: نادان، خائىن، ۋاپاسىز، قورقۇنچاقلاردۇر.

▲ ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن ئەلدە يېڭى-ئىلغار پىكىرلەر تۇتىيا، جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن ئەلدە ئۆزگىگە قارىتىلغان ئوقيا.

▲ ياخشىلىقنى بىلمىگەن كىشىگە قىلغان ياخشىلىق ئۆزۈڭگە پۇشايماندىن باشقا نەرسە ئېپكەلمەيدۇ.

▲ ئۆزۈڭدە يوق نەرسە ئەڭ ئەتىۋارلىق بولىدۇ.

▲ ئىنسان غەمسىز تۇغۇلۇپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

▲ پۇشايمان بولماي ئەقىل بولماس.

▲ قىز ئالساڭ كۆيۈپ ئەمەس، كۆرۈپ ئال،
مال ئالساڭ كۆرۈپ ئەمەس، تۇتۇپ ئال.

▲ ئېتىڭ تورۇۋالغان يەردىن چۈشۈپ ئۆت.

▲ ئەقىللىق ئاتا- ئانا كىشى ئالدىدا ئۆز بالىسىنى ماختىمايدۇ، تەنقىدلىمەيدۇ.

▲ ئاچچىقلاپ ئېيتقان ھەرقانداق توغرا سۆزۈڭ قارشى تەرەپكە خاتا ئاڭلىنىدۇ.

▲ يوقسۇز چېغىڭدا دوست تۇتۇپ، باي بولغاندا سىنا.

▲ ھوقۇق ۋە مال- دۇنيا دائىم مۇنداق دەيمىش: ماڭا ھېرىسمەن كىشىلەرگە بېرىدىغان سوۋغام ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان كۆز بىلەن نومۇستىن قىزارمايدىغان يۈز.

▲ مىجەز- خاراكتېر دوست ۋە دۈشمەن تاپقۇچى ۋاستە.

▲ خاتالىشىش ۋە ئاچچىقلىنىش قېتىم سانىڭىزنىڭ ئازىيىپ بېرىشى، ئەقىلدە كامالەتكە يېتىۋاتقانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى.

▲ مېھمان بىر قولىدا سوۋغا- سالام، يەنە بىر قولىدا ئىززىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.

▲ ۋاقىت باللىقىڭدا بىلمەي، ياشلىقىڭدا ساقلاپ، قېرىغىنىڭدا ئويلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ مېھمان بولۇپ بارغىنىڭدا ئۈچ نەرسىنى ئۆيۈڭدە قويۇپ كەل: قورۇق گېپىڭنى، شەھۋەت كۆزۈڭنى، تويماس نەپسىڭنى.

▲ ئادەمنىڭ قانداقلىقى توققۇزى تەل بولغاندا بىلىنىدۇ.

▲ ياخشىلىق قىلمايدىغاندىن ئەمەس، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغاندىن يىراق تۇر.

▲ رەنجىش تولىراق ياتلاردىن ئەمەس، يېقىن كىشىلەردىن بولىدۇ.

▲ بىراۋنىڭ قانداقلىقىغا بەخت قۇشى بېشىغا قونغاندا، ئۆزۈڭنىڭ قانداقلىقىغا ھەممىدىن مەھرۇم بولغىنىڭدا باھا بەر.

▲ خىجالەت بولغان كىشىگە ئىككى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىش ئەڭ قىيىن: بىرى باينىڭ، يەنە بىرى مەنسەپدارنىڭ.

▲ ئەدەب- ئەخلاقلىق ئاتا- ئانا يېنىدا نومۇسچان پەرزەنت، ۋىجدانلىق ئاتا- ئانا قېشىدا قەھرلىك پەرزەنت بولىدۇ.

▲ ئەر كىشىنىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرىدىغان ئىللەت: قورۇق سۆز، غەيۋەت، كەيپ- ساپا، ھورۇنلۇق، ۋىجدانسىزلىق.

▲ ئۆز مەنپەئىتىڭگە تاقاشقاندا ئۆزۈڭگە، كىشى مەنپەئىتىگە تاقاشقاندا كىشىگە باھا بەر.

▲ ئائىلەڭ چىرايلىق بولسا، سەن يوق چاغدا كەلگەن مېھماندىن ھەزەر قىل.

▲ ئاتاڭدىن تىلىڭنى، ئاناڭدىن كۆزۈڭنى تارت.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## سەگەك غەلىيانلىرى

▲ مەنىسىز سۆز— پۇت غاجايدىغان ئۆتۈك.

▲ زەينەپنى سايراتقىنى ھىجران، سېنى سايراتقىنى تۇرمۇش.

▲ ئادەم، بىرى ئېرىشكەندە، بىرى يوقاتقاندا ئەڭ ئالىيجاناب بوپكېتىشى مۇمكىن.

▲ چاينىغانسېرى بىلىنىدىغىنى ئەجىر، يوقالغانسېرى بىلىنىدىغىنى قەدىردۇر.

▲ كىيىمنى پاكىزلايدىغىنى سوپۇن، ئادەمنى پاكىزلايدىغىنى خوتۇن.

▲ ياخشىلىقنىڭ كۆپىنچىسى «ھە»دىن، يامانلىقنىڭ كۆپىنچىسى «بە»دىن چىقىدۇ.

▲ ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىش— سېنىڭ قارشى تەرەپكە بەرگەن تەسىرىڭدىن شەكىللىنىدۇ.

▲ قىش بولماي باھار بولماس، دەرد كۆرمەي ئادەم بولماس.

▲ يېگەننىڭ ھەممىسى سىڭىشى، دېگەننىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلىشىشى ناتايىن.

▲ غېمىڭنىڭ كۆپلۈكى ئەقلىڭنىڭ كۆپلۈكىدۇر.

▲ ھەقىقىي دوست يېشىڭغا ئەمەس، بېشىڭغا ئىشىنىدۇ.

▲ دۇنياغا كېلىش ئاسان بولغىنى بىلەن كېتىش قىيىندۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا بولغان ئىلھامى، ئازابتا قالغان ۋە تەنھا ۋاقىتتىكىدەك بولمايدۇ.

▲ بەزى نەرسىلەر چاپلىشىپ، بەزى نەرسىلەر بولسا تاشلىنىپ قىممىتىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

▲ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئورىگىنالى ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئەمەس، ئاددىي كەپىدە پۈتىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئادەم قىلغىنى (خاتالىقى) ئۈچۈن چوقۇم ھېساب بېرىدۇ. گەپ، ئىلگىرى- كېيىنلىكتە.

▲ بىر توغرا ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭ — نوبېل مۇكاپاتىنى ئالغىنىڭدۇر.

▲ ئەڭ ساپ ئادەم نەپتە، ھىيلىگەر ئادەم گەپتە بايقىلىدۇ.

▲ سايىسى كۆرۈنگەننىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈنىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرەلىگۈچى ھامان ھەقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ.

▲ ياشلار ياشلىقىدىن ئالجىسا، قېرىلار چىدىماسلىقىدىن ئالجىيدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەتچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغىنى مەسئۇلىيەت.

▲ ھەمراھلىقىڭدا يېنىڭغا، يالغۇزلىقىڭدا جېنىڭغا ھېزى بول.

▲ ھەقىقىي جامائەت مۇھەررىرى بىر كۈنگە يازغىنىنى، يۈز مىڭ كۈنلۈككە پىششىقلايدۇ.

▲ سۆكۈپلا ئۆتكەن ئادەممۇ سۆكۈلىدۇ.

▲ ھەقىقەت توغرىسىدا سۆزلىيەلىگەن مەنسەپدار خەلقنىڭ يېرىم ئىشەنچىسىگە، ئىش قىلالىغان مەنسەپدار پۈتۈن ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.

▲ ئاسمانغا تاقاشتىم دېمە، يىلتىزىڭ يەردە.

▲ ئالەمنىڭ مەخپىيىتى ئۆلۈمنى خەۋەرسىز ئېلىپ كېلىشتۇر.

▲ ئىقتىساد قارىشى يوقلار قورسىقى ئاچ بولسىمۇ ئالدىدىكى تاماقنى باشقىلارغا بەرگۈچىلەردۇر.

▲ پىلنى ئۆركۈتكەن ھەيۋەڭ پاشىنى قىمىرلىتالماسلىقى مۇمكىن.

▲ ئادەمنىڭ ئىنتايىن تەستە ئۆتكۈزىدىغىنى قىيىنچىلىق ئەمەس، بەلكى خورلۇقتۇر.

▲ چىدىماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ شۇ كىشىنىڭ قەغەز يولۋاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ تارىخچىلار غالىبىيەتچى ئەمەس، ھەقىقەتچى بولالىسا ئۇلار ئاندىن كېيىنكىلەرگە يۈز كېلەلەيدۇ.

▲ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىنىڭ ئۆزىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلەلىگەن ۋاقتىڭىزدا بەختىمنىڭ ئاچقۇچىنى قولۇمغا ئاپتىمەن دېسىڭىز خاتالاشمىغان بولىسىز.

▲ بىرەر ئوقۇشلۇق ئاددىي خەلق قەلبىنى يورۇتۇپ بېرەلىگىنى ئۈچۈنلا قەدىرلىكتۇر.

▲ مەدەنىيەتلىك قوۋمنىڭ ئويناشقا، مەدەنىيەتسىز قوۋمنىڭ ئويلاشقا ۋاقتى بولمايدۇ.

▲ بەزىلەر ئايرىلغان ئادەمنىڭ، بەزىلەر ئايرىلغان يەرنىڭ گېپىنى كۆپ قىلىپ ياشايدۇ.

— غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشېرىق يېزا قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

## تەپەككۇرۇمدىكى ئاچقۇچ

دۇنيا ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى— قانداق ئادەم بولۇشتا.
ھايات ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى—ئىلىم ئىگىلەشتە.

قەلب ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى— ئىچكى سىرنى بىلىشتە.
ياشلىق ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى— ۋاقىتنى قەدىرلەشتە.

— ئادىلجان ئابلىز

ئاپتور: قۇمۇل تارانچى غەربىي ئۆستەڭ مەھەللىسىدە

* * *

▲ ئەجداد روھى ئەۋلاد تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

— رابىيەم مەتسەيدى

ئاپتور: چىرا ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## چىن يۈرەكتىن سادا

— «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىللىق سانلىرىدىكى ئېسىل ئەسەرلەردىن بىر جۈملىلىكتىن ھاسىلات

▲ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن ئاكا: «كۆزىمىزدىكى سوغۇق نۇر»ىڭىزنىڭ يورۇق «تاڭ»غا باشلايدىغان يېڭى «ئاڭ»لىرىڭىزدىن ئىللىپ كېتىشكە ئىشىنىمەن؛

▲ قىرغىز يازغۇچىسى ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى ئاكىغا: «ئوغلۇمنىڭ ئۆيى» ناملىق ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنى ئاتا- ئانام ئالدىدا قايتا تونۇغاندەك ھېس قىلدىم؛

▲خالىدە ئىسرائىل ھەدە: «قەلبىڭىزدىكى ھېكايە»لەردىن يەنە بىرەرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؛

▲ ئابلەت مۇھەممەت ئاكا: تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدىكى «تەقەززا ۋە زۆرۈرىيەت» ئارىسىدا گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقان مەندەك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىز تەۋسىيە قىلغان «ئۈچ يۈتلۇق (داڭقان) تەپەككۇر ئۇسۇلى» ئارقىلىق «بىزگە زۆرۈرى قەتئىي ئېنىقلىق» ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم؛

▲ ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىم: «لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى» ئارقىلىق مېنى سەگىتىپ قويغانلىقىڭىزغا تەشەككۈر. ئەسەرلىرىڭىزگە تەشنامىز؛

▲ تۇرسۇن مەھمۇت ئاكا: «پەرىشتە يامغۇرى»نىڭ دىلىمىزدىكى ئازغۇنلۇقنى چۆچۈتۈپ قويغانلىقى قالتىس بولدى...

— مۇھەممەتئېلى نىياز ئەلقۇت(ئۇيغۇربەگ)

ئاپتور: جياگىسۇ ئۆلكىسى خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى 2005-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەن سېنىڭ ئۇنداق ياخشى دوستۇڭ، مۇنداق ياخشى دوستۇڭ دەپ يۈرگىچە، ماڭا بىر ياخشى كىتابنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگىن.

— يۈسۈپجان مۇھەممەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 6- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يىراق ۋە يېقىن

▲ رېئاللىق— پەردازلىغىلى بولمايدىغان چىنلىق.

▲ يولنىڭ ئېگىز- پەسلىكىدىن قورقۇش ھاجەتسىز، ئەڭ قورقۇنچلۇقى يوشۇرۇن ئورەكنىڭ بار- يوقلۇقى.

▲ گۈزەل ئارزۇ— سىلىنمىغان ئىمارەت.

▲ گەپ بىلەن باشقىلارنى ئالدىغىلى بولىدۇ، ئەمما رېئاللىقنى ئالدىغىلى بولمايدۇ.

▲ ئۆزىنى بىلگەن ئاقىل، ئۆزگىنى بىلگەن دادىل.

▲ ھەربىر ئادەم بىر ھېكمەت، بىر ئىبرەت.

▲ ئۆزىنى بايقىغاننى ئەلمۇ بايقايدۇ.

▲ قىلغان ئىشىڭنى باشقىلارنىڭ بىلمەي قېلىشىدىن ئەمەس، باشقىلار بىلگەندەك بىرەر ئىشنى قىلالماسلىقتىن ئەنسىرە.

▲ ئەخمەقنىڭ كۆڭ ئۆتكۈزمىكى، ھورۇننىڭ ئىش قىلمىقى ئەڭ تەس.

▲ خاسلىقى بولمىغان ئىشنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ ھايات ياشاۋاتقانلىقنىڭ شەكىل جەھەتتىكى، تۆھپە بىلەن ياشاۋاتقىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى مەۋجۇدلۇق.

▲ ياخشى گەپ بىر ئېغىزدىن چىقسا، يېتىنە گەپ مىڭ ئېغىزدىن چىقىدۇ .

## تەپەككۇر قىرغاقلىرى

▲ ئىنسان تالاي ھەقىقەتنى تالاي سەپسەتىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن ھەقنى بىلگەن.

▲ باشقىلارنى كەمسىتكەنلىك— دۈشمەننى كۆپەيتكەنلىك.

▲ ھەسرەت— قولدىن كېتىپ قالغان پۇرسەت.

▲ ئەقىل دۇنياغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ، ھېسسىيات رەڭ.

▲ سەھەر تۇرغان ئادەمنىڭ بەرىكىتى كۆپ، كۈن چۈشكىچە ئۇخلىغاننىڭ قەرزى.

▲ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركىگەن ئادەم، باشقىلارنىڭ

سايىسىدا جان بېرىدۇ.

ــ ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچى

▲ تۈز ئادەم ئاسان سۇنىدۇ، تۈز ئادەم تېتىيدۇ.

ــ نۇرمۇھەممەتجان ئوبۇل

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچى

## روھ باھارى

▲ ۋىجدان ــ روھ يىلتىزى.

▲ ھايا ــ ئەخلاقنىڭ چېھرى.

▲ يالغانچىلىق ــ سىڭمەيدىغان پەرداز.

ــ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا سوگەتلىك كەنت پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

※　※　※

▲ خوتۇننىڭ قولىغا ئايلانغان ئەر تىزگىنەك بىلەن باشقۇرۇلىدىغان تېلېۋىزورغا ئوخشايدۇ.

ــ گۈلباھار مۇھەممەت

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ياختەكلە يېزا 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

## تەپەككۇر تېز سىزمىلىرى

▲ ئەركەك دېگەن جاپاغا چىدىسىمۇ، ھاقارەتكە چىدىمايدۇ.

▲ «باشقا كەلگەننى كۆرىمەن» دېگەن بۇ سۆزدە ئۈمىدسىزلىكمۇ، تەۋەككۇلچىلىكمۇ بار.

▲ ئەخلاقنىڭ قۇدرىتى ئاۋۋال روھنى، ئاندىن ھەرىكەتنى تۈزەشتە.

▲ ئائىلە تەربىيىسى ــ تەقدىر مەسىلىسى.

▲ مائارىپ ئائىلىدىن باشلىنىدۇ.

▲ قاۋاقخانىنىڭ ھەر پەردە، كىتابخانىنىڭ بىر پەردە بولۇشى پاجىئە دېگەن شۇ.

▲ ئائىلە، مەكتەپ رولىنى يوقاتقاندا ئىنسان ئۆزىنى يوقىتىدۇ.

▲ قانۇننىڭ يولى بويسۇندۇرۇش بولغاچقا، ئۇ ھەرىكەتنى تۈزەيدۇ؛ ئەخلاقنىڭ يولى قايىل قىلىش بولغاچقا، روھىيەتنى تۈزەيدۇ.

▲ ئائىلە تەربىيىسى كۆرمىگەن بالا ئەخلاقسىز، مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن بالا نادان چوڭ بولىدۇ.

▲ ناھەقچىلىككە قاراپ تۇرۇش ئەرلەرگە بىر سوئال.

▲ شېرىن سۆزلەرگە ئالدانغان قىز بالىنىڭ ئىشتانبېغى بوش كېلىدۇ.

▲ تىلنىڭ قۇدرىتى دىلنى چاتقانلىقىدا.

▲ سۆيگەن ئادەم بىلەن كۆزدىمۇ سىرداشقىلى بولىدۇ.

▲ رەسىم بىلەن تەنتەربىيە ھەممە كۆرۈپ زوقلانغاچ، تەرجىمان كەتمەيدۇ.

▲ ۋاقىتنىڭ ئېتىبارى قالمىغان ئەلدە تېلېۋىزور مەستانىلىرى كۆپ بولىدۇ.

▲ مەتبۇئات بولۇپ رولى بولماسلىق، جان بولۇپ روھى بولمىغانغا ئوخشايدۇ.

▲ تىل بىلەن ئەنئەنە مەدەنىيەتنىڭ ئىككى قانىتى.

▲ ھەققە يارىساڭ خەلققە يارايسەن.

▲ ئۆز ئەسلىنى ساقلىيالايدىغانلار ئۆز نەسلىنى ساقلىيالايدۇ.

▲ ئائىلە تەربىيىسى قىزلارنى ھايالىق، ئوغۇللارنى باھالىق قىلىدۇ.

▲ ئىنساننىڭ كۆزى مەنا، ئۆزى دۇنيا.

▲ كۆز شەكىلنى، قەلب ماھىيەتنى كۆرىدۇ.

▲ خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلىگىلى بولمىغىنىدەك، خەقنىڭ مەدەنىيەت قارىشىدا ئۆزىمىزنى ئىپادىلىيەلمەيمىز.

▲ ئېتىقادسىز ئادەم مەقسەتكە ۋاستە تاللىمايدۇ.

ــ ئابلەت روزى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خوشئاۋات يېزا يوگىمەچىلىك كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ خاسلىق پۈرسەت يارىتىدۇ، پۈرسەت قىممەت يارىتىدۇ.

▲ كىچىكلەر ئىش قىلغاندا قىزىقىشنى، ياشلار ھېسسىياتنى، چوڭلار ئەقىلنى كۆپرەك ئىشقا سالىدۇ.

▲ غايە ـ ئېتىقاد دىلدا چېچەكلەيدۇ، ھەرىكەتتە مېۋىلەيدۇ.

▲ ئىشلارغا «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە» دېگەن تەمسىل بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغانلار، بىر بولسا كۆرەلمەسلەر، بىر بولسا ئالدىن كۆرەرلەر.

▲ كۆز ــ سىر ئۆيىنىڭ دېرىزىسى

▲ ئوغۇللار ئاشىقلىقنى قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ بىلدۈرسە، قىزلار ئاشىقلىقنى يەرگە قاراپ بىلدۈرىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەت — ئۆزىنى قايتا يارىتىش.

▲ ئەخلاق قىزلارنىڭ يۈزىدە، ئوغۇللارنىڭ كۆزىدە ئەكس ئېتىدۇ.

▲ كۆپ ھالدا قاقشاپ يۈرىدىغانلار، بىر بولسا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار، بىر بولسا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار.

— مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە زوڭلاڭ يېزا كەڭساي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

* * *

▲ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتى، ئاياللارنىڭ نەپرىتى ئاشقانسېرى قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئېنىقى بايىلا سىز ئۇنىڭ ھاياتىدا كەم بولسىڭىز بولمايتتى، ئەمدى ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بوپقالدى. دېمەك ئىنساننىڭ ئورنى ھامان ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

— رابىيەگۈل مۇسا

ئاپتور: شايار ناھىيىسىدە مۇئەللىمە

▲ سەن نەزەر سالمىغان نەرسە بەلكىم سەن ئىزدەۋاتقان نەرسە بولۇشى مۇمكىن.

— تۇردىمۇھەممەت تۇراجان

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن 3- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تەۋەككۈل دەرياسىغا سەكرىمىگۈچە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولماس.

— غاپپارجان جاپپار

ئاپتور: كۈچاڭ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ باللار باغچىسىدا ئاشپەز

## تەپەككۇرۇمدىن توزىغان تۇيغۇلار

▲ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگىنىڭ نەخقە، خام خىيال قىلغىنىڭ نېسىگە تۇرغىنىڭ.

▲ مۇشتۇڭنى تۈگسەڭ جاڭجال، قوشۇماڭنى تۈگسەڭ ئامال بار.

▲ زىددىيەتنىڭ كۆپىيىشىگە غەيۋەتتىن، ياخشىلىقنىڭ يوقالغىنى مىننەتتىن.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقاتام يېزا جىمەن كەنتىدە دېھقان

* * *

▲ دانالار سۆزىدىن ئەقىل، ياشانغانلار سۆزىدىن نەقىل كۆپ چىقىدۇ.

— ئەزىمەت مەشرەپ

ئاپتور: تاجىك. ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا تار باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ دانالار توغرا ئېيتىدۇ: «نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دەپ. چۈنكى دۈشمەندىن ھېچبولمىسا ئەقىل- تەجرىبىگە ئىگە بولىسەن، ناداندىن پەقەت پۇشايمان- زىيانلا، خالاس.

▲ ھەرقانداق قۇدرەتلىك ئادەمنىڭمۇ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان رەقىبى بولىدۇ. ھېچبولمىسا مەلۇم جەھەتتە، مەلۇم مەسىلىدە.

— بەھرىنىسا ئادىل دىلەفكار

ئاپتور: ئۈرۈمچى «پىدا» كىتابخانىسىنىڭ خادىمەسى

▲ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئادەم ھەممە نېمىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

— ئابدۇۋەلى ئەلى

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا ساقچىخانىسىدا ساقچى

▲ ياخشى گەپ ئازلاپ كېتىدۇ، يامان گەپ شاخلاپ.

▲ ھاراقكەشنىڭ ئۆلپىتى كۆپ، ئاخىرىدا تارتىدىغان كۆلپىتى.

— يۈسۈپجان ئابدۇللا

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېماتىكا مۇئەللىمى

▲ باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىنى قوزغىماقچى بولساڭ قابىلىيىتىڭنى بىرلا قېتىم نامايان قىل. ئىككىنچى قېتىم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال.

— قاھار

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 2-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)



# «بىر»دىن باشلانغان تۇيغۇلار

ئايتۇرسۇن ھوجىتىللا

بۇ گۈزەل دۇنيادا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەرقانداق ئىنسان بۇ دۇنياغا بىرلا قېتىم ئاپىرىدە بولىدۇ، ھاياتلىقمۇ بىر قېتىم، ماماتلىقمۇ بىر قېتىم، پەقەت بىرلا قېتىم. يەنە، ھەرقانداق ياخشى پۇرسەت ئادەمگە بىر قېتىم كېلىشىمۇ، بىر قانچە قېتىم كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئادەم ھاياتلىقتا تالاي ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بىر بولۇشىمۇ، بىر قانچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. نەتىجىمۇ بىراقلا قولغا كەلمەستىن بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئاستا ـ ئاستا قولغا كېلىدۇ. كۈنمۇ بىر بولىدۇ. بۈگۈن بىر كۈن كەچ بولسا، ئۇنى كېيىنكە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. ئايمۇ بىر بولىدۇ، يىلمۇ بىر بولىدۇ. بىر يىل ئۆتسە يېشىمىز ۋە ئەقلىمىزدىن بىرسى چوڭىيىدۇ. بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۈن ،بىر ئاي، بىر يىلنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بىزيەنە سانلارنى ئۆگەنمەكچى بولساق بىردىن باشلايمىز. مۇسبەت پۈتۈن ساننىڭ باشلانمىسى يەنىلا بىر بولىدۇ. بۇ بىر رەقەمنى كۆرگۈچىلەر بۇ پەقەت ئاددىيلا بىر سانغۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ بىر رەقەمنىڭ رولى ۋە مەنىسى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئەمەس.

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما

ئەترابىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەترابىمىزمۇ نۇرغۇنلىغان بىر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئادەمنىڭ قەلبىدىكى يارا بىر بولۇشىمۇ، بىر قانچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنى تىرەپ تۇرغۇچى تۈۋرۈك بىر قانچە بولسىمۇ يەنىلا بىر رەقەمى شەكلىدە بولىدۇ. ئىنسانلار ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى يەنىلا بىر رەقەمنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق دېسە بەزىلەر: ئادەمنىڭ ئىككى قولى، ئىككى كۆزى ۋە ئىككى پۇتى بار، دېيىشى مۇمكىن. لېكىن سىنچىلاپ قاراپ باقىدىغان بولساق، بىر ئادەم يەنىلا بىرنى ئىپادىلەيدۇ، ھەرقانداق ئىش يەنىلا بىردىن باشلىنىدۇ. مىسالەن: بىرەر ئىشتا مەغلۇب بوپكەتسەك، ئۈمىدۋار بولۇپ بۇ ئىشنى يەنە قايتىدىن بىر باشلاپ باقاي دەپ ئويلايمىز ـ دە. ئەگەر بىز تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ماھىر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، چىداملىق، تىرىشچان، جاسارەتلىك، غەيرەتلىك بولساقلا ، بۇ بىردىن باشلانغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسى يەنىلا بىر غەلىبە بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز بوشاڭ، ئىرادىسىز، چۈشكۈن بولساق، بىردىن باشلانغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىر غەلىبىگە ئۇلاشتۇرالماي ناھايىتى تىت ـ تىت بوپكېتىمىز ۋە ئاخىردا ئۆزىمىزگە ناھايىتى ئېغىر مەنىۋى يۈكتىن بىرنى ئارتىۋالىمىز.

بىز تۈرلۈك ژانىردا ئەسەر يازماقچى بولساق بىر مەركىزىي ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ قەلەم تارتىمىز: ھېكايە يازساقمۇ ھەم

شۇنداق . ھېكايىنىڭ باشلىنىشىنى كۆپ ھالدا «بىر قېتىم»، «مەلۇم بىر كۈنى»، «تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان بىر پەيتتە ... » دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باشلايمىز. بۇنداق يازغاندا ھېكايىنى ياخشى باشلىغىلى ۋە ئاخىرىنى ياخشى بىر خۇلاسە بىلەن چۈشۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرغىدەك، ئويلاندۇرغىدەك مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئەجادىيەتتە كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنى «بىر» رەقىمىنىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

پۈتكۈل كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن ھارارەت ئاتا قىلىپ كەلگەن قۇياشمۇ بىر ۋە پەقەت بىرلا بولىدۇ. ئىنسانلار مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان يەرشارىمۇ بىرلا. ئادەمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىمۇ بىر بولىدۇ، يۇرتىمۇ بىر بولغاچقىلا ئادەم ئۈچۈن تېپىلغۇسىز سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ماقال-تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن كەلتۈرسەك: «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» .ئۇ تەمسىل يالغانچىلىققا بېرىلگەن تولىمۇ ئوبرازلىق باھا بولۇپ، يەنە بىر مەنىسىنى ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزسە ئۇنى بىر قېتىم كەچۈرۈشكە بولىدۇ ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشكە پۇرسەت بېرىش كېرەك، دەپ چۈشىنىش ھەم مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق»، «بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغدۇ»، «بىر كىچىكنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر چوڭنىڭ»، «بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغىچە، بىر تاناپ يېرىڭ بولسۇن»، «بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، ئون كۈن بۇرۇن يىغىسەن»، «ئىككى ياخشى بىر بولۇپ سايىنى تېرىسا گۈل ئۈنۈر»، «ياخشىلار بىر يەرگە كەلسە چۆللەرمۇ بوستان بولغىدەك»... قاتارلىق سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىزىدىن قوشاق، چۆچەك ۋە باشقا ژانىردا يازغاندا «بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن»دېگەن سۆز باشقىچە ئاتالسا ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەسىلەن، خەلق قوشاقلىرىدىن:

«بىر ياخشىغا بىر يامان ھەريەردە بار يار-يار.»

«سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم
بىر جان ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم
قۇربان ئەمەسمۇ.»

قاتارلىقلاردا «بىر»دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئىككى»نى قويۇشقا ياكى باشقىچە ئاتاشقا بولمايدۇ.

ھاياتلىق ئەنە شۇنداق قانۇنىيەتلەر بىلەن تولغان بولىدۇ. بىز بۇ قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ ئۆلگۈرىمىز ۋە بەزىدە ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىز نۇرغۇن قېتىم ئۇچراتقان بولساقمۇ، لېكىن «بىر»قېتىملا تولۇق چۈشىنىمىز ۋە ھېس قىلالايمىز.

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1.ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2.ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز-جۈملىلەر گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

3.ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇش كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جايناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشىر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، تويلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تاغدىن ـ باغدىن

## ھېكمەتلەر

▲ ھېسسىيات، دۇنيا قارىشى ئوخشاش دوستلاردا ھەقىقىي، مەنپەئەت قارىشى ئوخشاش دوستلاردا ساختا بولىدۇ.

▲ ئىلگىرى ياشىغان دۇنيايىمىز ئانچە كەڭرى ئەمەسكەندۇق، شۇڭا خاھىشىمىز بويىچە قىممەت تاللاشقا ھېچقانداق ئىمكانىيەت بولماپتىكەن: مانا ھازىر ساماندەك «قىممەت» پۈتىمىزغا پۇتلىشىپ يۈرىسمۇ، ئۇنىڭ قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەيدىغان ئوچۇق دۇنيادا ياشاپ تۇرۇۋېتىمىز. ئېھتىمال، بېشىمىزغا پىت چۈشكەن، تەگرى ئېرايىمىزغا چاقچاق قىلىۋاتقان چېغى!

▲ بايلىق سۇغا ئوخشايدۇ: سۈيىڭىز بىر ئىستاكانلا بولسا، ئۇنى يالغۇز ئىچىپ راھەتلىنەلەيسىز: بىر چېلەك بولسا، ئۆيىڭىزدە قويۇپ قويۇپ، ئۇسسىغاندا ئارامخۇدا ئىچەلەيسىز: بىر دەريا بولسا، ئۇنى باشقىلار بىلەن بىللە ئىچىشكە مەجبۇر بولىسىز.

▲ بازار ئىگىلىكىدە باھاسى مەڭگۈ چۈشمەيدىغان ئىككى جاي بار: بىرى، دوختۇرخانا. يەنە بىرى، مەكتەپ.

▲ شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار كەمپۈت بىلەن تۈزنى ئايرىماقچى بولسا ئۈچ كۈن خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىدۇ، سەككىز كۈن كۆزىتىدۇ، يەنە كۈن ئانالىز قىلىدۇ. توققۇز كۈننى مەخسۇس تەتقىقاتقا ئاجرىتىدۇ. ھەيھات، ئۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە، تېتىپ باقسىلا بولماسمىدى؟!

▲ مەدەنىيەت ۋە تارىخى تىرىك ئەللەرلا بۇ دۇنيادا تىرىك ياشىيالايدۇ.

▲ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ بىرەيلەن بىر قانچە كەسىپكە مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ:

قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپى ــ خىش پىشۇرۇش.
مۇلازىمەت كەسپى ــ باش يۇيۇش.
مەدەنىيەت كەسپى ــ ئەلنەغمە تۇۋلاش.
ئىقتىساد كەسپى ــ تىلەمچىلىك.

▲ مەنسەپدارلار تەكەللۇپ بىلەن، بىلىمدانلار سىرلىق، سودىگەرلەر يالغان، چولپانلار بىمەنە، دېھقانلار بولسا ئاچچىق سۆزلەيدۇ.

▲ باللىقىمىزدا يىقىلساق تۇيۇقسىز يىقىلاتتۇق، ئەمما ئورنىمىزدىن دەس تۇرالايتتۇق؛ ۋاھالەنكى قېرىلىقىمىزدا يىقىلساق جەمئىيەت قوينىغا يىقىلىدىكەنمىز، ئەمما ئورنىمىزدىن

## تىكەنلىك گۈللەر

تۇرالمايدىكەنمىز.

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل ئۆكتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىدىن رابىگۇل ۋەلى تەرجىمىسى. ئىلماچ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بويىچە 2005-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تىرىشچان ئەمما تېجەشلىك بولمىسا، بۇ، ئوڭ قولىدا تاپقاننى سول قولىدا خەجلىۋەتكەنگە باراۋەردۇر.

▲ ئۆگەنگەن بىلىمىڭنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىيالىساڭلا ئاندىن ئۆزۈڭنىڭكىگە ئايلىنىدۇ.

▲ ئىمكانقەدەر ئاز خاتالىشىش — ئادەمىيلىكنىڭ ئۆلچىمى دېيىلسە، پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك - ئەۋلىيانىڭ خىيالىدۇر.

▲ خۇددى چاقماق گۈلدۈرمامىنىڭ ئالدىدا چېقىلغاندەك، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىمۇ ھەرىكىتىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈشى كېرەك.

تەييارلىغۇچى: ج ك پ كونا شەھەر ناھىيە ئاقئاش يېزىلىق كومىتېتىدىن ئەرشىددىن قاسىم

## كىشەنسىز پاراسەتلەر

### 1

مالچىدىن قوي بېقىشنىڭ ئەلمى- تەلمىنى سورىۋېدىم، ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— قويلىرىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنى بىلەن ئەڭ ئارقىسىدا قالغىنىغىلا دىققەت قىلىمەن؛ چۈنكى ئۇلار باشقا قويلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارغا ئوبدان قارىسام‌لا، بىر توپ پادىنى راۋۇرۇس باشقۇرغىنىم شۇ!

مالچىغا شۇنداق دېدىم:

— مەنمۇ كۆزىتىپ باقتىم؛ ئەمەلىيەتتىمۇ ئەلنىڭ كۆزى ئەڭ ئالدىدا ماڭغانلار بىلەن ئەڭ ئارقىدا قالغانلاردىلا بولغاچقا، باشقىلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىكەن. مېنىڭچە، تارىخمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

مالچى پىسەنتسىزلىكتە كۈلۈپ قويۇپ، لام-جىم دېمەي تايىقىنى شىلتىغىنىچە يىراقلاپ كەتتى.

### 2

بىر كۈنى دانىشمەندىن نادانلىقنىڭ چەك-پاسىللىرىنى سوراپ باقتىم. دانىشمەن شۇنداق دېدى:

— بالىكىزغا بىرلىيانتتىن ياسالغان قىممەتلىك ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بەردىڭىزمۇ دەيلى. لېكىن ئۇ جاۋاھىراتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى ئادەتتىكى ئويۇنچۇقلىرىغا قوشۇپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن يەنە زېرىكىدۇ-دە، تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ.

دانىشمەننىڭ بۇ گەپلىرىگە جاۋابەن شۇنداق دېدىم:

— بۇ، بارلىق مەۋجۇدات پەقەت ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدۇ؛ بىلىم — ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇداتلاردا ئەكس ئەتتۈرگەن قىممەت قارىشىدۇر؛ ئۆسۈپ يېتىلىش — بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئازابىنى قوبۇل قىلىشتۇر، دېگەندىن دېرەك بەرسە كېرەك.

دانىشمەن ئاخىرىدا شۇنداق دېدى:

— نادانلىقنىڭ چەك-پاسىلى — بالىلىق مىجەزنى ئۆلگىچە ساقلاشتۇر!

شىبېنيەنلاڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ئىككى پارچە «ھازىرقى زامان ئاياللىرى گېزىتى — ئەدەبىيات مۇنبىرى»نىڭ 2007- يىل 25- ماي سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل ئاۋغۇست سانى(ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)غا تاللاپ بېسىلغان. ئابلەت مۇھەممەت تەرجىمىسى. ئىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## مۇھەببەت قانۇنىيىتى

▲ شەكلەن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە «سۇنىڭ ئېقىشى، تۇكنىڭ يېتىشى»غا ئىش كۆرۈڭ؛ پرىنسىپال مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە قىيا تاشتەك يىمىرىلمەس بولۇڭ.

▲ ئۆزىڭىزنى مەسخىرە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ؛ بولمىسا، بۇ ئىشنى باشقىلار سىزگە ۋاكالىتەن ئورۇنداپ قويىدۇ.

▲ مىيىقىدا كۈلۈش — ئۈچ ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

▲ سىز بىراۋغا ئاشىق بوپقالغاندا دۇربۇن بىلەن، ھەسەت قىلغاندا مىكروسكوپ بىلەن نەزەر سېلىڭ.

▲ ئاتىنىڭ بالىلىرىغا قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ كاتتا ئىشى — ئۇلارنىڭ ئانىسىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ياخشى كۆرۈش.

«يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2005-يىل 6-ئىيۇل سانىدىن مامۇتجان نۇرمۇھەممەت تەرجىمىسى. ئىلماچ: ج ك پ كونا شەھەر ناھىيە ئاقئاش يېزىلىق كومىتېتىنىڭ خادىمى

## كىتاب سېتىۋېلىش

بازاردىن ئېشەكلىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن كىتاب يايمىسىدىن ئىككى پارچە كىتاب سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىرى «قانداق قىلغاندا ئېشەكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ»، يەنە بىرى «قانداق قىلغاندا ئېشەك تېز ماڭىدۇ» دېگەن كىتابلار ئىكەن. ئېشەك زوۋانغا كىرىپ ئىگىسىگە دەپتۇ:

— «ئېشەكنى قانداق بېقىش كېرەك» دېگەن كىتابنى

سېتىۋالسىڭىز ئوبدان بولار ئىدى.

— سەن بىلمەيدىكەنسەن، جانىۋار! سەندىن كۆپرەك پايدىلانسام ئاندىن پۇل تاپالايمەن، يانچۇقتا پۇل بولسا سېنى ياخشى باقالايمەن- دە،— دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— مېنى ئوبدان باقسىڭىز، ئاندىن تىمەن بولىمەن. تىمەن بولسام سىزگە ئوبدان خىزمەت قىلالايمەن. سىزمۇ پۇلنى جىق تاپالايسىزغۇ،— دەپتۇ ئېشەكمۇ بوش كەلمەي.

ئۇلار خېلىغىچە شۇ تەرىقىدە بىر- بىرىگە گەپ بەرمەي تالىشىپ مېڭىپتۇ. بىر ياندا ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىرەيلەن ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە دەپتۇ:

— قولۇڭدىكى قامچىنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟

بۇ گەپ ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى سەگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قامچىسىنى ئېشەكنىڭ بېشىدا ئويناتقىلى تۇرۇپتىكەن، ئېشەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ چېپىشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. «ئېشەكنى قانداق بېقىش كېرەك» دېگەن كىتابتىن ئاران نەچچىسىلا سېتىلىپتۇ. «قانداق قىلغاندا ئېشەكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ» دېگەن كىتاب بىلەن «قانداق قىلغاندا ئېشەك تېز ماڭىدۇ» دېگەن كىتاب پاك- پاكىز سېتىلىپ تۈگەپتۇ.

---

خەي شىڭ قەلىمىدىكى بۇ مەسەل «جوڭگو مەسەللىرى» تورىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006- يىل ئىيۇن (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا تاللاپ بېسىلغان. ئابلىز ئۆمەر ھاجى تەرجىمىسى. تىلماچ: «قۇمۇل گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى

## «چارچاش»تىن سۆز ئاچقاندا

نۇرغۇن كىشى بارغانسېرى چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاقشايدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ. دەسلەپ مەن تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە خىزمەت، تۇرمۇشتىن ئىبارەت قوش- سۆرەم ئالدىدىكى ئالدىراشلىق كىشىلەرنى چارچىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق كېيىنچە كۆزەتسەم، بۇ توغرا ئەمەسكەن. ئەسلىدە كىشىلەر بىر- بىرىگە ئورا كولاش بىلەن چارچاۋېتىپتۇ؛ ئۆزئارا تاپا- تەنە قىلىشىپ، بىر- بىرىنى ئەيىبلىشىپ چارچاۋېتىپتۇ؛ تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئىتى يوق ئۇششاق- چۈششەك ئىشلارغا ۋايساپ چارچاۋېتىپتۇ؛ يەنە بەزىلەر قىلغان ئىشنى باشقىلار سېزىپ قالغاندىن كېيىن ئاشۇ قىلمىش- ئەتمىشلىرىدە ساقلىنىپ قالغان «بارماق ئىزى»، «ئاياغ ئىزى» دېگەنلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ چارچاۋېتىپتۇ.

---

لىيەنچىن قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېليەتون ئەسلى «ياڭچېڭ گېزىتى»نىڭ 2002- يىل 29- ئىيۇل سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىل سېنتەبىر سانىغا تاللاپ بېسىلغان. سۇلتانى تەرجىمىسى. تىلماچ: پەيزاۋات ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو- تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە

## ئۆلۈك تەپەككۇر

ھېنرى جامۇس مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش خۇددى شۇ ئادەمنىڭ بۇرنىنى ئۆزگەرتكەندەك تەس».

چۈنكى دۇنيا قاراش بىلەن بۇرۇننىڭ ھەر ئىككىلىسى يادرولۇق نەرسە بولۇپ، دۇنيا قاراش كىشى خاراكتېرىنىڭ مەركىزىي قىسمى، بۇرۇن بولسا ئادەم يۈز قىسمىنىڭ مەركىزى. بۇنى تۆۋەندىكى قىسقا ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

تەڭرى بىر تىلەمچىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىدە باي قىياپىتىگە كىرىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئەگەر ساڭا 1000 تەڭگە بەرسەم، قانداق خەجلەيسەن؟

— يانفون سېتىۋالىمەن،— دەپتۇ تىلەمچى.

تەڭرى ھەيران بولۇپ، تىلەمچىدىن نېمىشقا يانفون سېتىۋالىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— شەھەردىكى ھەرقايسى رايون بىلەن ئالاقىلىشىپ، قەيەردە ئادەم كۆپ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىمەن،— دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ تىلەمچى.

تەڭرى ئۈمىدسىزلىنىپ تىلەمچىدىن:

— ئەگەر ساڭا 100 مىڭ تەڭگە بەرسەمچۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ چاغدا پىكاپ سېتىۋالىمەن. پىكاپىم بولسا يىراق جايلارغىمۇ تېزلا يېتىپ بېرىپ تىلەمچىلىك قىلالايمەن.

تەڭرى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە سوراپتۇ:

— ئەگەر ساڭا 10 مىليون تەڭگە بەرسەمچۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تىلەمچىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ:

— ۋاھ، ئۇنداقتا بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونىنى سېتىۋالاتتىم.

تەڭرى ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ تۇرغاندا، تىلەمچى قوشۇمچە قىلىپ:

— ئۇ چاغدا ئۆز تەۋەلىكىمدىكى تىلەمچىلەرنى قوغلىۋېتەتتىم- دە، ئۆزۈم يالغۇز- ئازادە تىلەمچىلىك قىلاتتىم،— دەپتۇ.

قارىغاندا، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تۇرغۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تەڭرىمۇ ئامالسىز بولسا كېرەك.

---

يۇ لياڭخۇ قەلىمىدىكى بۇ فېليەتون «بۈگۈن ئاخشام» گېزىتىنىڭ 2007-

يىل 31- ئىيۇل سانىدىن «فىلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىل سېنتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا تاللاپ بېسىلغان. ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى

## مائارىپ توغرىسىدىكى ئويلىنىش

دوختۇر نائۇستا بولسا ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ؛ ئوقۇتقۇچى نائۇستا بولسا ئوقۇغۇچىنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىدۇ. دوختۇرنىڭ نائۇستىلىقى سەۋەبى بىلەن ئۆلىدىغان ئادەم بىر بولغىنى بىلەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ نائۇستىلىقى تۈپەيلى روھىيىتى ئۆلىدىغان ئوقۇغۇچى نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. شۇڭا، «باللارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن شىئارنىڭ كەينىگە «نائۇستا ئوقۇتقۇچىلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى» دېگەن جۈملىنىمۇ قوشۇپ قويۇش كېرەك.

## مايمۇنلارنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرى

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە: «ئىنسانلار بىلەن مايمۇنلار ئارىسىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس، ئىنسانلار بىلەن مايمۇنلارنى ئاكا- ئۇكا قېرىنداشلاردىن دېسەكمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. ئەمما ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئادەم بولالىدى، مايمۇنلار بولسا مايمۇن پېتى قېلىۋەردى؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب- ئاشۇ مايمۇنلارنىڭ ئۆزگىرىشنى خالىمىغانلىقىدا، يەنى تۆت پۇتلاپ مېڭىشتىن ۋاز كېچەلمىگەنلىكىدە. بەلكىم ئەھۋال مۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن: مايمۇنلاردىن بىرسى ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى پۇتلاپ ماڭماقچى بولغان، ئەمما باشقا مايمۇنلار: «ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بىز ئۆمىلەپ مېڭىپ كەلگەن، شۇڭا سېنىڭ ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشىڭغا رۇخسەت يوق» دەپ چىرقىراشقان ۋە ئۆرە تۇرغان مايمۇننى چىشلەپ ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە مايمۇنلار ئۆرە تۇرۇشقا، سۆزلەشكە پېتىنالماي، كونا قائىدە بويىچە تۆت پۇتلاپ مېڭىپ، ئادەمگە ئايلىنالمىغان.

مايمۇنلارنىڭ بۇ تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى مائارىپىمىزنىڭ تېخىچە ئەنئەنىۋى، قالاق ئىمتىھان مائارىپىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىغا؛ مائارىپىمىزدا يېڭى ئۆزگىرىش ۋە يېڭى ئىسلاھاتنىڭ ئۈجۈقۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا؛ سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنىڭ تەسلىككە: ئالىي تاشىيوللار، قەۋەت- قەۋەت بىنالار سېلىنغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدە تۈپتىن بۇرۇلۇشنىڭ روياپقا چىقمىغانلىقىغا تەتبىقلىساق، بەزىبىر قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

## دوزاخ

بىر ھۆرۈن ئۆلگەندىن كېيىن باقىي ئالەمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ. دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر مالائىكە چىقىپ ھۆرۈننى ئېسىل بىر ئۆيدىنىڭ يېنىغا ئەكەپتۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مالائىكە ھۆرۈنغا: «سەن تەييارغا ھەييار ئەمەسمىدىڭ؟ بۇ يەردە توققۇزۇڭ تەل. نېمە يەي، نېمە ئىچەي دېسەڭ ھەممىسى بار. سەن ئىش قىلىشتىن ئېرىنەتتىڭغۇ. بۇ يەردە ساڭا قىلىدىغان ئىش يوق» دەپتۇ.

بۇلارنى ئاڭلىغان ھۆرۈن «مەن جەننەتكە كىرىپتىمەن» دەپ ئويلاپ ناھايىتى خۇشھال بوپتۇ ۋە ئۈچ ئاي قانغىچە يەپ- ئىچىپتۇ، ئۈچ ئاي قوپماي ئۇخلاپتۇ، ئۈچ ئاي قانغۇدەك ئويناپتۇ.

ئەمما ھۆرۈن بارا- بارا بۇ خىل تۇرمۇشتىن زېرىكىپ مالائىكىگە: «بۇنداق تۇرمۇشنىڭ مەززىسى يوق ئىكەن. بولۇشىغا يەپ- ئىچىپ بەكلا سەمرىپ كەتتىم. تولا ئۇخلاپ كاللام ئىشلىمەيدىغان بوپقالدى. ماڭا قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز» دەپتۇ.

مالائىكە ھۆرۈنغا: «بۇ تەلىپىڭنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە سەن قىلىدىغان ئىش يوق» دەپتۇ.

ئارىدىن يەنە ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. ھۆرۈن زادى چىداپ تۇرالماي مالائىكىگە يەنە: «بۇنداق ياشاشقا پەقەتلا چىدىيالمىدىم. ئەگەر سىز ماڭا قىلىدىغانغا ئىش تېپىپ بەرمىسىڭىز، مەن دوزاختا چۈشۈشكە رازىكى، ھەرگىز بۇ يەردە تۇرمايمەن» دەپتۇ.

مالائىكە ھۆرۈنغا: «سەن ئۆزۈڭنى جەننەتتە تۇرۇۋاتىمەن دەپ ئويلامسەن؟ مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزى دوزاخ. بۇ يەر سېنى ئارزۇ- ئىستەكتىن، تەپەككۇر- ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىدۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق قىينىلىش سۇدا تۇنجۇقتۇرۇشتىن، ئوتتا كۆيدۈرۈشتىنمۇ ئازابلىق!» دەپتۇ.

## سەۋىيە ۋە قابىلىيەت

بەزىدە سۆزلەشنى بىلىش يۇقىرى سەۋىيىنىڭ ئىپادىسى بولسا، بەزىدە زۇۋان سۈرمەي سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشمۇ ھەم شۇنداق؛ بەزىدە ئىش قىلىشنى بىلىش يۇقىرى سەۋىيىنىڭ ئىپادىسى بولسا، بەزىدە ئىش ئۇقماس بولۇۋېلىشمۇ ھەم شۇنداق؛ قانداق چاغدا سۆزلەش، قانداق چاغدا زۇۋان سۈرمەسلىكنى بىلىش، قانداق چاغدا قىلىش، قانداق چاغدا قىلىشنى بىلمەيدىغان بولۇۋېلىشنى بىلىش سەۋىيە ھەم قابىلىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

## جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم ھېكمەت

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ناھايىتى ھېرىس بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ، جاھاندىكى بارلىق

ھېكمەتنى يىغدۇرۇپ، كىتاب قىلىپ ساقلاپتۇ. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ، ساناقلىق كۈنى قالغانلىقىنى سېزىپ، جىمى ۋەزىرىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— ۋەزىرلىرىم، ئەزرائىل كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيۇم شۇكى، جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم بىر جۈملە ھېكمەتنى قەبرە تېشىمغا ئويۇپ قويساڭلار، بۇ ئارزۇيۇمغا يەتسەم جاھاندىن ئارمانسىز كەتكەن بولار ئىدىم، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر دەرھال جىمى ئەقلىمغا «كىمكى جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم ھېكمەتنى دەپ بېرەلىسە، ئۇنىڭغا بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن ھەدىيە قىلىنىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

يارلىق چىقىرىلغاندىن كېيىن ئالتۇنغا ئېرىشىش تەمەسىدە تالاي كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ھېكمەتنى دەيدىغانلار يەنە ئاشۇ ھېكمەتنى جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم ھېكمەت دېيىشتىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك ئىكەن. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمما پادىشاھ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەي ناھايىتى تېرىكىپتۇ ۋە يارلىقنىڭ كەينىگە «ئەگەر ھېكمەتنى دەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئېيتقان ھېكمىتى جاھاندىكى ئەڭ مۇھىم ھېكمەت بولماي قالسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ» دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ھېچكىم پېتىنالماپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، ئەمما بىرمۇ ئادەم كەلمەپتۇ. پادىشاھ سەل مەيۈسلىنىپ «بەلكىم جاھاندا ئۇنداق ھېكمەتلىك سۆز يوقتۇ» دەپ ئويلاپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ياساۋۇل بىرەيلەننىڭ يارلىقنى ئېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، خۇشچىراي، مويسىپىت دېھقان ئىكەن. پادىشاھ بۇ دېھقاننىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئىشىنىدىغانلىقىنى سېزىپ، دېھقاندىن:

— سېنى كاللاڭنىڭ ئېلىنىش خەۋپىگە قارىماي بۇ يەرگە كېلىشكە ئۈندىگەن قانداق ھېكمەت ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېھقان ئالدىرىماي تۇرۇپ:

— ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ كەتمىگەيلا، پادىشاھى ئالەم. ئۆزلىرىدىن سورايدىغان بىر سوئالىم بار. سىلى ھازىرغىچە شاد ـ خۇرام ياشىدىلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ دېھقاننى بۇنداق سوئال سورار، دەپ ئويلاپ باقمىغاچقا، بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي ي، باشقىلارنىڭ نەزەرىدە مەن جىمى ئەقلىمنىڭ پاسبانى، توققۇزۇم تەل، نېمە يەي، نېمە كىيەي، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ھەرقانداق ئىشقا قۇربىم يېتىدۇ. ئەمما بىر كۈننى كەچ قىلمىقىم بەكلا تەس. ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلمىسام تېخى؛ خائىن ـ ئاسىي ۋەزىر ـ بەگلەرنىڭ يوشۇرۇن قەست قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلىمىسەم تېخى؛ ياۋنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرمىسەم تېخى. ئىشقىلىپ، تۇرلۇك ـ تۈمەن ئىش. باش ئاغرىقى تۈپەيلى كۈنبويى دەككە ـ دۈككىدە يۈرىمەن، كېچىلىرى ئۇيقۇ ئۇيقۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۆزلىرى مەندىن ياشتا كىچىك بولسىلىمۇ، شۇ ۋەجىدىن مۇبارەك تەنلىرىنى كېسەل چىرمىۋاپتۇ. مەن بىلىقچىلىق قىلىپ كۈن ئالىمەن. ئائىلىدىكىلەرنىمۇ بىلىقچىلىق بىلەن باقىمەن. مەن ھەر كۈنى بېلىق تۇتقىلى چىققاچ ئاپتاپقا قاقلىنالايمەن، ئارامخۇدا بىرەر ئاش پىشىم ئۇخلىيالايمەن، ئاز ـ تولا مەي ـ شارابمۇ ئىچەلەيمەن. ئەلۋەتتە، مەن كاتتا ئوردا ـ قەسىرلەردە تۇرمايمەن، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرگە ئېغىز تېگەلمەيمەن، ئالدىمدا قول باغلاپ تۇرىدىغان چاكارلارمۇ يوق، ئەمما مەن ناھايىتى خۇشھال، — دەپتۇ دېھقان ئارقىدىن.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— توغرا، بىرىگە ئېرىشكەندە، بىرىدىن مەھرۇم بولىدىغان گەپكەن! — دەپتۇ.

دېھقان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتماقچى بولغان ھېكمەتلىك سۆزۈم دەل مۇشۇ ئىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئارقىدىن:

— مەن بۇ دۇنيادىن ئاخىرى ئارمانسىز كېتىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ ۋە جان ئۈزۈپتۇ.

---

تەييارلىغۇچى: ئازادجان نىزامىددىن ئەنجانى (M2)

**مۇشتەرىلەر سەمىگە**

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەر كۈنى — قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 — 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# چاۋاك

بەگمەت يۈسۈپ

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى تولۇقلاپ سايلاش ۋە دائىمىي ھەيئەتنىڭ 2- قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىش ھەققىدە خەي رەئىس ماڭا تېلېفون قىلدى. يىغىن ئۈرۈمچى ۋە يىغىندىن كېيىنكى زىياپەت خىراجىتىنى سورىغىنىمدا ئۇ: «مەلۇم بىر هاراقچىلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنى بۇ چىقىمنى ئۈستىگە ئالماقچى، يەنە، بىر كىتابچىلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنىمۇ ياردەملەشمەكچى» دېدى. مەن خەي رەئىسنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇم-دە، يىغىن ۋاقتى، ئورنى ھەققىدە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشقا باشلىدىم.

مانا ھەممەيلەن سورۇنغا يىغىلىپ بولدۇق. يىغىننى خەي رەئىس باشقۇردى:

— يېڭىدىن تولۇقلاپ سايلانماقچى بولغان بۇ دائىمىي ھەيئەت ئەزايىمىز XX هاراقچىلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنى XX ئەپەندىم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئاق يوللۇق كۆڭلەك، قىسقا- ئەپچىلگىنە جىلىتكە كىيىۋالغان، چاچلىرىنى كەينىگە رەتلىك تارىۋالغان 30 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەننى، — ئۇ، جەمئىيىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قوللىماقچى ۋە بۈگۈن مۇشۇ سورۇنىمىزنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ ئالاھىدە داستىخان سالدى. ئۆزىمۇ يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىدۇ، بىر قىسىم ئەسىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. قېنى، XX ئەپەندىمنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا يېڭىدىن تولۇقلاپ سايلانغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالايلى. (چاۋاك)

— ئەمدى تولۇقلاپ سايلايدىغان يەنە بىر دائىمىي ھەيئەت ئەزايىمىز، XX كىتابچىلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى XX ئەپەندىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: قولۇڭلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن كىتاب ئۇنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان بەشىنچى كىتابى بولۇپ، ئارىمىزدا ئەڭ كۆپ كىتاب نەشر قىلغانلارنىڭ بىرى. كېيىن جەمئىيىتىمىز تەرىپىدىن نەشرگە ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالماقچى. ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىڭلارنى، بولۇپمۇ ئەڭ بازارلىق ئەسەرلىرىڭلارنى توپلاپ قىلىپ جەمئىيىتىمىزگە تاپشۇرساڭلار. كىتابلىرىڭلارنىڭ نەشر قىلىنماسلىقىدىن غەم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ. قېنى، XX ئەپەندىمنىڭ بىزنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتايلى. (چاۋاك)

— ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى XX ئەپەندىمنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلغان گېزىت- ژۇرناللارنىڭ تىراژى تېز ئاشماقتا. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر بۇندىن بۇرۇن جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنماي قاپتۇ. بۇ قېتىم جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ قوبۇل قىلماقچى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىماقچى. باشقىچە پىكىردە بولمىساڭلار قوشۇلىدىغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەڭلار. (چاۋاك)

...

يەنە شۇ تەرىقىدە بىر قانچەيلەن ئارقا- ئارقىدىن تونۇشتۇرۇلدى ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. ئاخىرىدا هاراقچىلىق شىركىتىنىڭ خوجايىنىنى دائىمىي ھەيئەتنىڭ يېڭىدىن تولۇقلاپ سايلانغان ئەزالىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆزگە تەكلىپ قىلدۇق.

— ئەپەندىلەر، خانىملار، پىقىر ئەدەبىيات ئەھلى بولمىسامۇ ئۆز سېپىڭلاردىكى ئادەم ساناپ يازغۇچىلار جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ

ئاچچىق كۈلكىلەر

سايلىغىنىڭلاردىن تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ھاياجانلانغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. يازغۇچىلىق تولىمۇ ئۇلۇغ كەسىپ. ئەل- ئاۋام سىلەرنى بەكمۇ چوڭ بىلىدۇ. يازغۇچىلار كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلىگۈچىلەردۇر. ئۇلار يازغۇچىلارنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىنى ھېكمەت بىلىپ قوبۇل قىلىدۇ. دېمەك، يازغۇچىلار تولىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر. مەن بۇ قېتىمقى سورۇنىمىزغا شىركىتىمىزنىڭ يازغۇچىلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىتى سۈپىتىدە يېڭىدىن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى «ئەقىل بۇلىقى» ماركىلىق هاراقتىن ئالغاچ كەلدىم. كۆپ ئەمەس، ھەربىرىڭلارغا بىر- ئىككى يەشىكتىن . ھۆرمەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ تولىمۇ ئاز، تولىمۇ ئەرزىمەس سوۋغاتتۇر. شىركىتىمىز سىلەرنى داۋاملىق بۇ مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر تېتىپ قالسا مۇبارەك قەلەملىرىڭلارنى تەۋرىتىپ «ئەقىل بۇلىقى»نىڭ خاسىيىتىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىپ قويۇشۇڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن. (چاۋاك)

ــ شۇ تاپتا مېنىڭمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، زور ئۈمىدكە تولغان يىغىن بولىدى. يۇقىرىدا خەي رەئىس تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. مەن بىر ئاددىي كىتاب سودىگىرى. لېكىن ئۆزۈم ئاددىي بولغىنىم بىلەن كىتابخانامغا سېلىنغان كىتابلار ئاددىي ئەمەس. ئۇنىڭغا مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا ئوخشاش قەلەمكەشلەرنىڭ ئەقىل- پاراسەت جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن. كىتاب جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش شوتىسى. جەمئىيىتىمىزدە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى قانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ توختالمىساممۇ ھەممەيلەنگە ئەقەللىي ساۋات بوپكەتتى. ئەمدىكى مەسىلە كىتابخانىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپلەپ كىتاب سېتىۋېلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇشتا. شۇڭا ھەممەيلەننىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشىنى سورايمەن. بىلىم ئەمەسمۇ، بىلىم... (چاۋاك)

خەي رەئىس ھاياجانلانغان ھالدا يىغىندا سۆز ئالغۇچىلار ۋە ھاياجانلىق نۇتۇقلارنىڭ قىزغىن كەيپىياتى ۋە سان- سالمىقىنىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا قاراپ سورۇن ئەھلىنى بىر ياقتىن تائاملارغا باققاچ، بىر ياقتىن داۋاملىق پىكىر بايان قىلىشقا چاقىردى.

چوكىلار شىرەلەرگە پەۋەس تىزىلغان تائاملارغا بەس- بەستە ئۇزىتىلىپ، هاراقلار تېز- تېز ئايلىنىپ، رومكىلار جاراڭلىق ئۇرۇلماقتا.

ــ پاھ، قالتىس ئېسىل ھاراقكەن،ــ دېدى گېزىتخانا ئېلان بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئېغىزىنى تامشىتىپ،ــ مەن «ئەقىل بۇلىقى» ماركىلىق ھاراقنى گېزىتىمىزنىڭ ئېلان بېتىدە ئۇزۇن مۇددەت تەشۋىق قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىمەن. شۇنداقلا، XX خوجايىنىنىڭ گېزىتىمىزنىڭ ئېلان بېتىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئايانماي قوللاپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. (چاۋاك)

ــ مەنمۇ شۇ،ــ دېدى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېلان بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بىر رومكا ھاراقنى ھەممەيلەنگە كۆز- كۆز قىلىپ،ــ بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئەقىل بۇلىقى» ئىكەن. قېنى كېلىڭ، بىز ئوبدان بىر تونۇشۇۋالايلى، بۇ مېنىڭ نام- ئەمەل كارتوچكام، تېلېفون نومۇرۇممۇ يېزىقلىق. ئىستانسىمىز ئېلان بۆلۈمى كېچە- كۈندۈز سىز ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئەلا مۇلازىمەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەمەلىي ئۈنۈمى دېمەكتۇر. خوشە! (چاۋاك)

ــ مەنمۇ بىر كەلىمە قىستۇراي،ــ دېدى ئارىدىن بىر يازغۇچى،ــ ئەمگىكىمىزنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قەدىرلىشىمىز كېرەك...

بىراق كىمنىڭدۇر بىراۋغا ھاراق تۇتۇپ سۆزلىگەن ئۈنلۈك ئاۋازى يازغۇچىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. يازغۇچىنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى.

چوكىلار ھۇجۇمدا، ئېغىزلار ھەرىكەتتە، ھاراقلار راۋان، كۈلكە- چاقچاق سورۇننى بىر ئالغان، كۆڭۈللەر مەستخۇش، ھەممىنىڭ كەيپى چاغ...

خەي رەئىس بۈگۈنكى سورۇندىن تولىمۇ رازىمەن.

كىملەردۇر ئۆزئارا كۈلۈشەتتى، ۋەدىلەر بېرىشەتتى، چاۋاكلار چېلىشاتتى...

سورۇن ئاخىرىدا سوۋغات ھاراقلار قول قولغا تېگىشمەي ئېلىپ كېتىلدى. سورۇن تارقىغاندىن كېيىن مۇلازىم قىزلار بوشىغان تەخسىلەرنى دەستىلەپ، ئاشقان تائاملارنى يۆندى چېلەككە تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن سورۇن بېشىدا كىتابخانا خوجايىنى تەرىپىدىن سوۋغات قىلىنغان كىتابلارنى ئورۇندۇق- ئۈستەللەردىن تېرىپ، يىغىشقا باشلىدى.

---

ئاپتور: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى (M1)

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**



# بۈگۈنكى دۇنيا ۋە تېلېۋىزور

ئادىل ئابدۇقادىر

ھەر كۈنى كەچلىكى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، تېزگىنەك بىلەن تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىغىنىمدا ياكى قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان بىرەر تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنىڭ ئارىسىغا «ئۆيگە رۇخسەتسىز ئوسۇپ كىرگەن بىئەدەپ مېھمان» دەك بىمەھەل قىستۇرۇلۇۋېلىپ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان تېتىقسىز ئېلاندىن قېچىپ تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى يۆتكەشكە تەمشەلگىنىمدە ۋەياكى ئايالىم، قىزىم ئۈچىمىز ئولتۇرۇپ تېزگىنەك تالىشىش كۈرىشى باشلانغاندا، بىز تېزگىنەك ئارقىلىق تېلېۋىزورنى باشقۇرۇۋاتامدۇق ياكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى بىزنى باشقۇرۇۋاتامدۇ؟ دېگەننى ئايرىيالماي قالىمەن. بولۇپمۇ تېلېۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمنى ھەم ئۇزۇم ياتقۇزۇپ كۆرگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كالامىدىكى ئىزنالىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، مەندىكى بۇ خىل تۇيغۇ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

كۆپ قىسىم كىشى ئۈچۈن ئالدىماققا بۇ خىل تۇيغۇ تولىمۇ ھەجۋىي تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان رېئاللىق شۇكى، ئۇلار ئاساسەن تېلېۋىزور ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ تەسىرى ئارىسىدا ياشاۋاتىدۇ. چۈنكى 20 ـ ئەسىردە دۇنيادا ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان نەرسە تېلېۋىزور بولۇپ، يەر شارىدا ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ نۇرى يېتىپ بارالايدىغانلىكى جايلارغا تېلېۋىزورمۇ يېتىپ باردى، شۇنداقلا تېلېۋىزور كۆرۈش ناھايىتى تېزلا كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيا بويىچە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتى تۆت سائەتتىن ئارتۇق ئىكەن. ئامېرىكىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% تىن يۇقىرى بولۇپ، تەخمىنەن 92 مىليوندىن كۆپرەك ئائىلىدە بىردىن تېلېۋىزور بار ئىكەن. ئەنگلىيىدە بولسا 97% ئائىلىدە بىردىن، 53% ئائىلىدە ئىككىدىن ئۈچكىچە تېلېۋىزور بولۇپ، ئەنگلىيىلىكلەر كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ ـ تۆت سائەت تېلېۋىزور كۆرىدىكەن. جۇڭگودا بولسا، نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ستاتىستىكىدا مەملىكەت بويىچە تېلېۋىزور 300 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى كۈنىگە تەخمىنەن بىر يېرىم مىليارد ئادەم قېتىم تېلېۋىزور كۆرىدىكەن[1]. 2001 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە

**ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ**

357 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولۇپ، جەمئىي 2184 يۈرۈش پروگرامما تارقىتىلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن باشقا، ھەربىر ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر ۋە ھەر بىر ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەرلەردە ئاساسەن ئەڭ ئاز دېگەندە بىردىن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار ئىكەن[2].

بىز بەلكىم يۇتكۇل دۇنيادىكى تېلېۋىزورنىڭ كونكرېت سانىنى، دۇنيادا قانچىلىك ئادەمنىڭ تېلېۋىزور كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىقى ستاتىستىكىلار تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا قانچىلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلىشكە يېتەرلىك بولسا كېرەك. رايونىمىزدا قانچىلىك ئائىلە تېلېۋىزور كۆرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تېلېۋىزور كۆرۈش ۋاقتى قانچىلىك؟ بۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۈگۈنكى كۈندە رايونىمىزدىكى ئائىلىسىدە ئېلېكتر چىرىغى يورۇيدىغانلىكى زور كۆپ سانلىق ئائىلىنىڭ كەچلىك مەشغۇلاتىنى تېلېۋىزورسىز تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. تېلېۋىزور ئىختىرا بولۇپ دۇنيادا ئومۇملىشىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە رايونىمىزدا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقلا ئۇ ئائىلىمىزنىڭ مۈلكىلا ئەمەس، ھاياتىمىزنىڭ يېرىم خوجايىنىغا ئايلىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىپىمىزنى ئىستىخىيلىك يوسۇندا بەلگىلەپ، ھەممىمىزنى نامەلۇم تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايدىغان، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، كۆرەلمىگەن پروگراممىلىرىمىز ئۈچۈن ۋايسايدىغان قىلىپ قويدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە بىزنى تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپ، بىزنىڭ تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشىمىزدىكى بىر خىل ئالاھىدە كۆزنەك سۈپىتىدە «ئۈچىنچى كۆزىمىز» بوپقالدى. بىز ئۆيىمىزدىن چىقماي ئولتۇرۇپ ئۆزىمىز ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان «تونۇش» ھولليۋود چولپانلىرى بىلەن ئېكران ئارقىلىق ئۇچرىشالايدىغان، دۇنياۋى ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئۆزىمىز خالىغانچە كۈچەيتەلەيدىغان ھەم پەسەيتەلەيدىغان، نيۇ ـ يورك، پارىژلاردىكى ئەركىنلىك ئىلاھەسى، ئېيفېل تۆمۈر مۇنارىنى ئەمەلىيەتتە كۆرگەندەك كۆرەلەيدىغان، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ دۇنيانى ساياھەت قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلەلەيدىغان بولدۇق. ھەتتا يىللاپ سېرىق توپىغا مىلىنىپ ياشايدىغان ساددا دېھقانلىرىمىزمۇ مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆزى ئاڭلىيالايدىغان، بۇشنىڭ كىملىكىنى بىلەلەيدىغان، دۇنيا مەسىلىلىرى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلالايدىغان بولدى.

دەرھەقىقەت، تېلېۋىزور تۇرمۇش مەزمۇنىمىزنى بېيىتىپ تېخىمۇ رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. مەيلى ئۇنى ياخشى دەيلى ياكى باشقىچە قاراشتا بولايلى، ئۇ ھازىر تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ بىز كۆز يۇمالمايدىغان رېئاللىق. ئەمما رېئاللىقنىڭ ھەممىشە كۆرگىنىمىز بويىچە بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بۈگۈنكى مۇرەككەپ ۋە رەڭگارەڭ دۇنيادا بىز ئۆزىمىز بىۋاستە سېزەلەيدىغان رېئاللىقتىن باشقا يەنە ئۆزىمىز بايقىيالمايدىغان ياكى سايىمىزگە ئوخشاش بىز ھەممىشە ئۇنتۇپ قالىدىغان رېئاللىقلار ئىچىدە ياشايمىز. بۇ خىل رېئاللىقنى بايقاش بىر خىل ئازابلىق جەريان بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۆگىنىش، تەتقىقات، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ئۇ نۇرغۇن ساددا كىشىنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇد بولمىغاچقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ۋە ھېس قىلدۇرۇش تولىمۇ تەس.

بىز يۇقىرىدا تېلېۋىزور توغرىلىق ئازراق توختالدۇق. ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزور بىر جانسىز نەرسە. ئۇ پەقەت تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى بىلەن تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە، خالاس. بىز تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا باغلانمىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدا «قەغەز ساندۇق»چىلىكمۇ رولى بولمىغان بولاتتى. ئەمما تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا باغلىنىشىمىز نەتىجىسىدە، تېلېۋىزور تۇرمۇشىمىزدا يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەندەك بىز بايقىيالمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىنى پەيدا قىلدى. خىلمۇ خىل ئىدىيە ، مەدەنىيەت، قىممەت قاراش گىرەلەشكەن، توقۇنۇشۋاتقان «يەرشارىلىشىش»مۇھىتىدىكى بۈگۈنكى دۇنيادا بىز مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، دۇنيا قاراش، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىرىس ۋە ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىدۇق. نۇرغۇن كىشى تىزگىنەك ئارقىلىق تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى يۆتكەۋاتقان، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن قىلىۋاتقان ھەم تېلېۋىزورنىڭ رەڭلىرىنى ئۆزلىرى خالىغانچە تەڭشەۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىن كۆرۈۋاتقان ناتونۇش سىن سۈرەتلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن خىلمۇ خىل مەدەنىيەت، ئىدىيە، سىياسىي قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تىزگىنەكنىڭ كونتروللۇقىدا ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى، قىزىقىشى ۋە تاللىشىنىڭ ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى. تېلېۋىزىيە مەزمۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان، خىلمۇ خىل ئىدېئولوگىيىلىك تۈسكە ئىگە بولۇشى، مىليونلىغان كىشىنىڭ ئوخشاش بىر ۋەقە توغرىسىدىكى ئوخشاش ئۇچۇردىن تەڭ خەۋەردار بولۇشى، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل بىخۇدلۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

20 ـ ئەسىردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىچىدە بەلكىم بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تېلېۋىزور بىلەن تەڭ ئۆسكەن ياشلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋاستە ــ تېلېۋىزور دېسەك خاتالاشمىغان بولىمىز. چۈنكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئەكس ئەتكەن ھەربىر كۆرۈنۈشكە نۇرغۇن

مەدەنىيەت بەلگىسى، خىلمۇخىل ئىدىيە، پوزىتسىيە، چاقىرىق ۋە تەرغىبات سىڭگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق داڭلىق سىياسىيون برژىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق كىشى، بولۇپمۇ ياشلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تېلېۋىزور جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋە تەربىيە قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە بوپقالدى. بۇ جەھەتتە تېلېۋىزور ئائىلە، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تارىختىن بۇيان ئويناپ كېلىۋاتقان رولىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ياشلار تاشقى دۇنيانى ئالدى بىلەن تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆرىدىغان، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆلچىمىنى ياشلارغا تېلېۋىزور بېكىتىپ بېرىدىغان بولدى. تېلېۋىزور يەنە مۇۋەپپەقىيەت، مەسئۇلىيەت، پەزىلەت ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىدىغان، كىشلەرگە نېمىنىڭ توغرا- خاتالىقىنى ئۆگىتىدىغان بولدى. دۇنيادا تېلېۋىزور كۆرىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تېلېۋىزورنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تارىختىكى مەيلى ئەنئەنىۋى دىنىي جەمئىيەت دەۋرى ياكى مۇستەبىتلىك يۇقىرى پەللىگە چىققان دەۋر بولسۇن، ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشتى»[3].

تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي رول ئويناۋاتقانلىقى راست. شۇڭا بىزدىمۇ تېلېۋىزور ھەققىدە ئوبرازلىق قىلىپ: «تاللاپ كۆرسەڭ دىلھۇزۇر، بولمىسا دىل بۇزۇر» دېگەن گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقتى (مەسئۇل مۇھەررىردىن). كىم نېمە دېسۇن، ئۇ ھەقتىكى قاراشلار ھەر خىل.غەربتە تېلېۋىزورغا بېغىشلانغان ئىجتىمائىي تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تېلېۋىزورنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى ئۈستىدە بولۇپ، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋام روھىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئېلانچىلىقنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئوينايدىغان رولى، تېلېۋىزورنىڭ ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرى دېگەندەك ماقالىلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەقتە غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەمگىكى بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان ھەم بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، غەرب تەتقىقاتچىلىرىدىن مارشالل ھېربېرت ماكلوخان قاتارلىقلار مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا ئەڭ بۇرۇن يول ئاچقان. ئارتور بېردىگېر «جەمئىيەتتىكى تېلېۋىزور» دېگەن كىتابىدا تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدىكى 12 خىل سەلبىي تەسىرىنى خۇلاسىلەپ چىققان:

1. تېلېۋىزور رېئاللىقتىن قاچىدۇ. ئۇ بىزنىڭ رېئال دۇنيادىكى مۇھىم ھادىسىلەر، مەسىلەن، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، ئىرقچىلىق، جىنسىي كەمسىتىش ۋە سىياسىي ۋەقەلەرگە بولغان دىققىتىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

2. تېلېۋىزور ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئۆلچەمنى تەرغىب قىلىدۇ. تېلېۋىزور كۆپلىگەن كۆرۈرمەنگە ئېرىشىش ۋە تېخىمۇ كۆپ ئېلان كىرىمى يارىتىش ئۈچۈن ئۆلچەمنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىدۇ. نەتىجىدە، تېلېۋىزىيىدىكى مەزمۇنلار ۋە ئۇنى كۆرىدىغانلار بارا- بارا چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ.

3. تېلېۋىزور ھەممىنى يۇزە، پارچە- پۇرات نەرسە قىلىپ قويىدۇ. تېلېۋىزوردا ئاددىي، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان، نەتىجىسى ئاددىي پروگراممىلار كۆپ بېرىلىدۇ.

4. تېلېۋىزور مەدەنىيىتىمىزنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىدۇ. ئۇ، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مەيلى ئۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلسۇن- قىلمىسۇن، خەلقئارادىكى مىللەتلەر قاتلاملىرى ۋە رايونلاردىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى يۇتۇپ كېتىدۇ.

5. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى زىيادە فورمىللىشىپ كەتكەن. پروگرامما ئېھتىياجى سەۋەبىدىن تېلېۋىزور ئاسان فورمىللاشقان پروگراممىلارغا بېقىنىدۇ. بۇنداق پروگراممىلارنى ئىشلىمەك ۋە چۈشەنمەك ئاسان. ئەمما بۇ خىل پروگراممىلاردا تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەت كۈچى يوق دېيەرلىك.

6. تېلېۋىزور بىر خىل بىخۇدلاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ، كىشلەرنى تېلېۋىزورغا بېقىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

7. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ تېمىلىرى چەكلىك، مەزمۇنى تار بولۇپ، ئۇ، ئادەمنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

8. تېلېۋىزور كۆرۈش بىر خىل پاسسىپ جەريان بولۇپ، تېلېۋىزور كۆرگۈچى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئۇ، كىشلەرنىڭ ئارىسال، ئارام ۋاقىتلىرى، ئىجتىمائىي باردى- كەلدى پۇرسىتىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

9. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئېلان كونترول قىلىدۇ. تېلېۋىزور ئېلان ئارقىلىق كىرىم يارىتىدۇ، ئەمما پروگراممىلارنىڭ ۋاقتىنى ئېلان تىزگىنلەيدۇ.

10. تېلېۋىزور- ئىدىيە ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل قورال. تېلېۋىزورنى پۇلدارلار كونترول قىلغاچقا، ئۇ كاپىتالنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە ئەخلاق قارىشىنى قوغدايدۇ. تېلېۋىزور ھەتتا بۇ خىل ئەخلاق قارىشى، ئىجتىمائىي ئۆلچەملەرنى 3- دۇنيا ئەللىرىگە چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

11. تېلېۋىزور ھېسسىياتنىڭ تاكاموللىشىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

12. تېلېۋىزوردا كۆپىنچە ئۆلۈك، ئۆزگەرمەس ئوبرازلار تارقىتىلىدۇ. ئۇ، ياشلارغا ئىلھام بېرەلمەيدۇ[4].

ئارتور بېردىگېرنىڭ غەربتىكى تېلېۋىزور توغرىسىدىكى بۇ تەنقىدلىرى گەرچە دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا كىشلىرىنىڭ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر ۋە 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ تۇرمۇشىغا زادى قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاز-تولا چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسى»

توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئاساسلىقى بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر كۈچلۈك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئاجىز مەدەنىيەتلەرگە بولغان خىرىسىغا قارىتىلغان. ئاسسىمىلياتسىيە ــ نوقۇل زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىقلا ئەمەس، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان جەريان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئاسسىمىلياتسىيىسى دەل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىلەن خاراكتېرلەنگەن. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئاسسىمىلياتسىيىسى ئىلگىرىكى تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكە ئورۇشىدىن پەرقلىق يوسۇندا ئىقتىسادىي قامال، مەدەنىيەت ستكدۇرمىچىلىكى ۋە مەدەنىيەت تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئىستخىيلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇ جەرياندا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىلگىرىكى تانكا، برونېۋىكلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. بولۇپمۇ تېلېۋىزور مەدەنىيەتلەرنىڭ سەھنىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ تارىختىكى بېكىنمە، يېپىق ھالىتىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاپ، كۈچلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى ئېكسپورت قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستىگە ئايلاندى. شۇنداقلا مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسىنى پۈتۈنلەي ھەقلىقلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سەھنىلەشتۈرۈلگەن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىگە يات نەرسىلەرنى مەدەنىيەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ پادىچىلار كىيىمى، ھەمجىنسلار مۇھەببىتى پۈتكۈل دۇنياغا تارالدى. چەت يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى نومۇسچان دېھقان قىزلىرىمۇ پادىچىلار ئىشتىنى كىيىشتىن پەخىرلىنىدىغان، ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيىپ توي قىلىدىغان ھالەت تېلېۋىزورنىڭ بىزگە قىلغان مەسخىرىلىك سوۋغىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزورنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى تەسىرى مەدەنىيەت جەھەتتىلا ئىپادىلەنمەستىن، كۈندىلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزىمىزنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بىز مال سېتىۋېلىشقا چىققاندا، تېلېۋىزوردا ئېلانىنى كۆرمىگەن ياكى نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان تاۋارلارغا قارىغاندا بىزنى زېرىكتۈرۈپ ئېلانى توختىماي بېرىلىپ تۇرىدىغان تاۋارلار كۆزىمىزگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ ھەم تاللاشقا توغرا كەلسە ئېلانىنى تولا ئاڭلاپ ئىسمى يادا بوپكەتكەن تاۋارلارنى تاللايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزورنىڭ ئىستېمال ئېڭىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. يەنە مىسالغا ئالىدىغان بولساق، تۇرمۇشىمىزدىكى مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىمىزگە يات «تورت پۈۋلەپ تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش»، «توي كۆڭلىكى كىيىپ توي قىلىش» دېگەنلەر بىز تېلېۋىزوردىن ئۆگەنگەن ئەجنەبىي ئادەتلەر بولۇپ، بۇلار ئاددىي بىر تۇرمۇش ئادىتىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆچۈشىلا بولماستىن، بەلكى خىرىستىيان دىنىي مەدەنىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان غەربچە دېموكراتىيىنىڭ دۇنياغا كېڭەيگەندىن كېيىنكى چاچرانىدىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سەزگۈسى ــ ئىنساننىڭ مېڭە پائالىيىتىنى بىۋاستە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ مۇھىم سەزگۈ بولۇپ، ئىنساننىڭ تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى بىلىشى، چۈشەنچىسى ھەم پىكرى ئاساسەن ئادەمنىڭ مۇشۇ ئىككى سەزگۈسى تەمىنلىگەن ئۇچۇر ئاساسىدا بولىدۇ. يەنى ئادەملەر كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئەستە ساقلىۋېلىپ، پىكىر يۈرگۈزگەندە ئاشۇ ئۇچۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. مۇبادا كۆرگەن، ئاڭلىغان ئۇچۇرلار يالغان، ساختا ئۇچۇر بوپقالسا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇچۇر بوپقالسا، ئۇنداقتا كۆرۈرمەنلەر ئېرىشىدىغان يەكۈنمۇ ساختا بولۇپ چىقىدۇ. ياكى باشقىلارنىڭ «سەنىمگە دەسەپ، دېيىشقا ئۇسسۇل ئوينىغان» بولىدۇ. تېلېۋىزور بۈگۈنكى دۇنيا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر سۈرەتلىك ھەم ئاۋازلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭدىن ئۇچۇرغا ئېرىشكەندە خۇددى رېئال تۇرمۇشتا بىرسى بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچۇر ئالماشتۇرۇۋاتقاندەك، كۆرۈش ۋە ئاڭلاشتىن ئىبارەت ئىككى ھەرىكەتنى بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندىيالايدۇ. شۇڭا، كۆرۈرمەنلەرنىڭ تېلېۋىزوردىن ئېرىشىدىغان ئۇچۇرلىرى ئۇلارغا «راست»دەكلا بىلىنىدۇ ھەم بۈگۈنكى دۇنيادىكى تولا ئادەم تېلېۋىزىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ چىنلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. (بۇ يەردە گەپ غەرب تېلېۋىزىيىسى ھەققىدە بارىدۇ) ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيە ئۇچۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىن پىلانلاش، ئىشلەش، تەھرىرلەش، تارقىتىش قاتارلىق مۇرەككەپ جەريانلارنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شۇڭا غەربتىكى كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىنىڭ يەكۈنى بويىچە ئېيتقاندا، «ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى رېئال جەمئىيەتنى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەيدۇ». شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيا ئادەملىرىنىڭ تېلېۋىزوردىن كۆرىدىغانلىرى رېئاللىقنىڭ دەل ئۆزى بولماستىن، ئۇنىڭ سايىسى بولماقتا. بۇ جەھەتتە ئۇلار پلاتون «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغان «ئۆڭكۈردىكى كىشىلەر»گە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر توپ كىشى ئېغىزى قۇياشقا قاراپ تۇرىدىغان بىر ئۆڭكۈردە تۇرىدىكەن. ئۇلار بالىلىق ۋاقتلىرىدىن باشلاپلا ئۆڭكۈرگە بەند قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى تەرەپكە قارىيالمايدىكەن، ئۇلار پەقەت ئۆڭكۈر تېمىغىلا قاراپ ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان بىر توپ كىشى ھەمىشە گۈلخان يېقىپ، نەغمە قىلىپ ھەرخىل قىلىق قىلىدىكەن. ئۆڭكۈردىكىلەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر پاكار تام بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۆڭكۈردىكىلەر ئارقىسىغا

قارىيالمايدىغان بولغاچقا، ئۆتكۈردىكىلەر پەقەت گۈلخاننىڭ شولىسى بىلەن ئۆتكۈر تېمىغا چۈشكەن ھەرخىل سايىنىلا كۆرەلەيدىكەن، گۈلخاننى ۋە گۈلخان ياققان كىشىلەرنى كۆرەلمەيدىكەن»[5]. پلاتوننىڭ بۇ ئوخشىتىشى بۈگۈنكى دۇنيا «تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى» دەۋرىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ تەقدىرىگە تولىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلار «ئۆتكۈر كىشىلىرى»گە ئوخشاش ئۆتكۈر تېمىغا چۈشكەن سايىلەرنى ھەقىقىي رېئاللىق دەپ ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي رېئاللىق دەل ئاشۇ سايىلەرنى چۈشۈرگۈچىلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. ئۇلار رېئاللىقنى تۈرلۈك غەرەز، مەقسەت ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارمۇ ئاشۇ ئۈچۈرلارغا ئوخشاش پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئۆزى رېئاللىق دەپ ئويلىغان ئاشۇ ئۈچۈرلارغا يوشۇرۇنغان مەقسەتلەر تەرىپىدىن ھەزىم بوپكېتىدۇ.

بۇنداق دېيىشتە، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ زور كۆپ قىسمى تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى ئۈچۈرلارغا ئېرىشىشتە ئاساسلىقى تېلېۋىزورغا تايىنىدۇ. يەنە كېلىپ تېلېۋىزور ئۈچۈرلىرىنى زور كۆپ قىسىم تاماشىبىن راست دەپ قارايدۇ. 1992 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە كۆرسىتىلىشىچە، ئەڭ ئاز دېگەندە 81% ئامېرىكىلىقنىڭ كۆپ قىسىم ئۈچۈرى تېلېۋىزوردىن كېلىدىكەن. 54% ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئۈچۈر مەنبەسى تېلېۋىزور ئىكەن. يەنە كېلىپ زور كۆپ سانلىق ئامېرىكىلىق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى گېزىت ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىگە قارىغاندا ئىشەنچلىك دەپ قارايدىكەن[6]. بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە ئۈچۈرلىرىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشى ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزوردىن پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، سىياسىيونلار، دۆلەت ماشىنىسى ۋە ئېلان شىركەتلىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق «رېئاللىق» يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرخىل مەسىلە ئۈستىدىكى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ ۋە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ھەرخىل «خەۋەر»دە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، «مۇھىم ئاخبارات: تېلېۋىزور ۋە ئامېرىكا ئەلرايى»نىڭ ئاپتورى شىرتو ئېكىر ۋە R جېنىدىي ئامېرىكا تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى بىلەن ئامېرىكا سىياسىيسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق تۆت خىل مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ئاخبارات خەۋەرلىرى دۆلەت ياكى رەئىس جۇمھۇرنى مەركەز قىلىپ، باشقا كۈچلەرگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ۋەقە ۋە توقۇنۇشلارنى ئاددىيلاشتۇرۇش، شەخسكە مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

2. بىر خىل نوپۇزنى پەش قىلىپ، جامائەتنىڭ دۆلەت تۈزۈمىگە قاتنىشىشىنى چەكلەيدۇ. تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ سىياسىينى قىلچە چۈشەنمەيدىغانلىقى، سىياسىينىڭ پۈتۈنلەي سەرخىللار ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقى، ئۇنىڭ كۆرۈرمەن ياكى جامائەتكە مەنسۇپ ئەمەسلىكىدىن يوشۇرۇن بېشارەت بېرىلىدۇ.

3. سايلام پائالىيىتى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىقى تۆۋەنلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. سايلام خۇددى يېڭىش ـ يېڭىلىش خاراكتېرىدىكى مۇسابىقە سۈپىتىدە خەۋەر قىلىنىپ، نامزاتلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ.

4. ئاخبارات خەۋەرلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئاساسىي ئىدېئولوگىيىنىڭ تېز سۈرئەتتە خاتىرىلىنىشى بولۇپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئوبيېكتىپ بولۇش ۋە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۈچۈرلىرىغا ئېرىشىشنى قوغلىشىش، ئاۋارىچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆپىنچە ھۆكۈمەت ئۈچۈرلىرىنىلا تارقىتىدۇ[7].

تېلېۋىزورنىڭ كۆزى يوق، ئەمما تاماشىبىنلار تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا تېلېۋىزورمۇ تاماشىبىنلارنى كۆرىدۇ. تېلېۋىزور ئۆزى پىكىر قىلالمايدۇ، ئەمما تاماشىبىنلارنى ھەر خىل يۆنىلىشتە پىكىر قىلدۇرالايدۇ. بۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاگاھ ۋە دانا بولمىسا بولمايدىغان تەرىپى. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيا پۇقرالىرىنىڭ بىرى بولغان سىز تېلېۋىزورنى توغرا ئەقىدە، سەگەك ئەقىل بىلەن تاللاپ كۆرەمسىز، ياكى قارا ـ قويۇق كۆرەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە؟!

## ستاتا مەنبەلىرى


[1] نىكولاس ئابىر كروچى (ئەنگلىيە): « تېلېۋىزور ۋە جەمئىيەت»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى 4 ـ بەت (خەنزۇچە).

[2] جۇ شياۋخۇڭ: «جۇڭگو بۇرژۇئازىيە قاتلىمى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش»، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىل ئاۋغۇست نەشرى 199 ـ بەت (خەنزۇچە).

[3] ۋۇ جىنخۇا: «تېلېۋىزىيە ھۆكۈمرانلىقى: دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال»، تور ماتېرىيالى (خەنزۇچە).

[4] جۇ شياۋخۇڭ: «جۇڭگو بۇرژۇئازىيە قاتلىمى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش» 206 ـ بەت.

[5] جاڭ جۇيەن: «ھوقۇقنىڭ ئاۋازى»، «ئۇچ بىرلەشمە» نەشرىياتى 2004 ـ يىل سېنتەبىر نەشرى 122 ـ بەت (خەنزۇچە).

[6] يۇقىرىقى كىتاب 133 ـ بەت.

[7] «ئامېرىكا تېلېۋىزىيىسى بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى»، تور ماتېرىيالى (خەنزۇچە).


---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى (M3)

# ياپونىيەدىكى تۇغۇتۇم

رەيھان ئابلەت



## مۇقەددىمە

تۇغۇتنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ بىر پىداكارلىق. تۇغۇت ئۈستىدە باشتىن ـ ئاخىرى تۇرغان كىشىنىڭ ھېسسىياتى بۇنى ھەقىقىي باشتىن كەچۈرۈپ باققان كىشىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ يۇزەكى بولىدۇ.

بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مەيلى قايسى مىللەت، قايسى ئىرق، قايسى دىندىن بولسۇن، دۇنيادىكى بارلىق ئانا قورال كۆتۈرۈپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلغان پىدائىيلار بىلەن باراۋەردۇر.

بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ـــ ئانىنىڭ تەن ۋە روھىنىڭ قايتىدىن تۇغۇلۇشى.

ئانىلىق ـــ ئاياللارغا ھەقىقىي تۇردە مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىش، قۇربان بېرىش، پىداكارلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

ئانىلىق ھەم ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى.

## ئانا بولغان كۈنلەردە

## ئۆزگىچە سىزىكلىك

سىزىكلىكىمدە ياپونىيەدىن، ياپونلاردىن، ياپونچە تاماقتىن، ھەتتا ياپون تىلىدىنمۇ چىقىپ كەتكەن بولسام، تۇغۇتۇمدا بۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم. بۇ قانداق غەيرىي سىزىكلىك ھەم غەيرىي تۇغۇت ـ ھە؟!

توي كۈنى قىز يىغلايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپ باقمىغان بولساممۇ، بىراق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن ياپون، كورېيان قىزلىرىنىڭ توي كۈنى يىغلايدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ خىل يىغىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، قىز ئۆزى چوڭ بولغان ئائىلىدىن، ياشاپ ئادەتلەنگەن تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

مەنمۇ ھەم ئايرىلدىم. بىر ئائىلىدىن يەنە بىر ئائىلىگىلا ئەمەس، ئۆز ۋەتىنىمدىن باشقا بىر دۆلەتكە ... بۇ مەندەك ئالىي مەكتەپنىمۇ قەشقەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تاماملىغان،25 ييشقىچە ئائىلىسىدىن بىرەر ئايمۇ ئايرىلىپ باقمىغان قىزغا نىسبەتەن قوبۇل قىلماق خېلىلا تەس بولغان رېئاللىق ئىدى. ياپونىيەدە نورمال خىزمەت ۋاقتى خۇددى بىزدىكىدەك سەككىز سائەت. ئەمما ياپونلارنىڭ نورمال خىزمەت

ۋاقتىدىن سىرت باشقا ئورۇنلاردا قوشۇمچە ئىشلەشكە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ھەتتا كەچ سائەت ئون ئىككىلەردىكى ئاخىرقى قېتىملىق پويىزمۇ ئىشتىن ئەمدى قايتقان خىزمەتچىلەر بىلەن ئالدىراش گۈرۈلدەيتتى. ئۆمۈر يولدىشىم ئەھمەتجان ئەتىگەن سائەت توققۇزدا خىزمەتكە كەتسە، بالدۇر دېگەندىمۇ كەچ سائەت سەككىز ـ توققۇزلاردا كەلگەچكە، ھەپتىدە تۆت قېتىم ياپون تىلى دەرسىگە بارغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالاتتىم.

يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى بۇ يېقىندا بىلدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۈنلەرنى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزۈش، ئۆزىنى ئارتۇقچە خىياللاردىن تارتىش غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى بولسىمۇ، ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش توكيودا ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكارچىدىن مەنلا بولسام كېرەك دەيمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە. بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە بىرەر خىزمەت تېپىش ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. چۈنكى ياپونىيىدە ھامىلىگە تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىنمۇ ـ قانداق، ئادەتتە ھامىلدار ئاياللارنى ئىشلەتمەيتتى ھەم خىزمەتتىكى ئاياللارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن ياكى بولمىسا ھامىلدار بولغاندىن كېيىن خىزمەتتىن توختىتىلىشى ئاساسەن ئادەتلىنىشىپ قالغانىدى.

ئۆيدىن، ۋەتىنىمدىن ئايرىلغان بۇ دەردكە سېزىكچانلىقنىڭ ئېغىرلىقى تۆپىلەپ قوشۇلۇپ مېنى بەكلا قىيناۋاتاتتى. سەل ئېگىشسەممۇ قۇسۇپ بىئارام بولۇپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ياش ئانىلار داۋاملىق بالىلىرىنى ئەكېلىپ ئوينىتىدىغان ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى باغچىغا چىقىپ بالىلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈش، مەھەللىنى ئايلىنىپ مېۋىلىك دەرەخ ئىزدەش، ماگىزىنلاردىن مېۋە سېتىۋېلىش ياكى بولمىسا ئۇخلاش ئىدى. ياپونىيىنىڭ ھاۋاسى بەكمۇ نەمخۇش بولغاچقا ئادەمنى ئاسانلا ئۇيقۇ باساتتى. كۈنبويى بىئارام بولۇپ يۈرگەن ئادەمگە ئۇخلاشمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

سىز مۇنداق ھالەتنى بېشىڭىزدىن كەچۈرۈپ باققانمۇ؟

چۈشىڭىزدە ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنى كۆرۈپ، ئويغانغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئىنس ـ جىنىنىڭ ئاياغ تەگمىگەن، سىزگە گەپ قىلىدىغان بىرەرسىمۇ يوق باشقا بىر دۆلەت، يات قوۋم ئىچىدە يالغۇز ئۆيدە تەنھا كۆرۈش!

بۇ ھال تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ئاجايىپ بىر غېرىبلىق ئىدى.

ھەممىدىن يامىنى، چۈشلىرىمنىڭمۇ غېرىبلىقى بولۇپ، ئويغىنىپلا كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بوپكېتەتتىكى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپمۇ كېتەتتىم. ئۆز ۋاقتىدا ئانامنىڭ: «قىزىم، تېخىچە ئۇخلامسەن؟» دەپ ئويغىتىۋەتكەنلىكىگە رەنجىگەنلىكىمنى ئويلىسام، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئورۇپ ئويغاتسىمۇ ئانام بولسىچۇ دەپكېتەتتىم.

ھايات دېگەندە ئادەم ئۇخلاپ ئويغانغىنىدا ئانىسىنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى ھېس قىلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختتىن بىرى ئىكەنلىكىنى مۇساپىرەتتە بىلدىم. يەڭگىگەندىن كېيىن قىزىمنىڭ ھەرقېتىم ئويقىدىن ئويغىنىپلا مېنى ئىزدەيدىغانلىقىغا قاراپ، بۇ خىل ئىزدەش تۇيغۇسى تۇغۇلۇشتىلا بولىدىغان تەبىئىي رېفلېكس بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ھەرقېتىم ئويقىدىن ئويغىنىپ مېنى ئىزدىگەن قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ، ئانىلىق مېھرىم بىلەن ئۇنى قانماي چىڭ قۇچاقلاپ ئەركىلىتەتتىم ھەم قىزىمنى بولسىمۇ بۇ بەختتىن كۆپرەك بەھرىمەن قىلىشنى ئويلايتتىم.

نۇيگ كلسم قېنسن موملم،
نۇزۇلۇپتۇ نۇيۇگىمۇ تلملم،
نۇزۇلۇپتۇ چۇچىكىمۇ تلملم...

بوۋاي ساتار چېلىۋاتقان، بالا مومىسىنىڭ قۇچىقىدا، ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتقان... شۇنداق بىر ئىللىق ھالەت كەلمەسكە كەتكەن، ئۇزاپ كەتكەن. ھەتتا شۇنداق بىر كۈنلەرگە كەلگەندە بالىلىقنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئىزناسى بولغان شۇ ئىللىق ماكانىنىڭ ھەتتا تېمىنىمۇ تاپالمىغان...

ۋەتەندىكى چېغىمدا بەلكىم ھېچقانداق تەسىر قىلماس بىر ناخشىدىن ياپونىيىدە ۋۇجۇدۇم تىترەپ، كۆزلىرىمگە ياش كېپكەتتى. ئىنسان ئېرىشىدۇ، يوقىتىدۇ. ھاياتتىكى شۇنداق بىر مىنۇتلار ئۆيلىمىغان يەردىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ تاتلىق، ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يامان يېرى، ھامان شۇنداق تاتلىق مىنۇتلارنىڭ قانچىلىك شېرىن، قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا ئۇنتۇلماس ئەسلىمە سۈپىتىدە يۈرەك ئېچىشقان ھالەتتە ئەسلەيدۇ.

25 يېشىمغىچە ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلماي، ئۇلارنىڭ تۈزۈك بىر قەدرىنى ھېس قىلمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ھەتتا ئانا ھەققىدىكى بىرەر شېئىرمۇ مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تەسىرلەندۈرۈپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەققىدىمۇ تۈزۈك بىر ئويلىنىپمۇ باقمىغانىكەنمەن. بالىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىشى ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىن مەنىسىدىن كۈچەيتىدىكەن: بالا ئاتا ـ ئانا ئۇقۇمىغا قايتىدىن ئىگە بولىدىكەن. خۇداغا شۈكۈر، مەن ھەر ھالدا ئۇلار تېخى ھايات ۋاقتىدا بۇ قىممەتلىك ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم.

ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكلا قېلىپ قارا يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان دادامنىڭ: «تاشمۇھەممەت باتۇرنىڭ «ئاتا» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلىسام يىغلاپ كېتىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە ئەمدىلىكتە يەتكەنىدىم. دەردمەن دادام قايسى كۈنى تېلېفوندا تېخى ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ «ئانا» ناملىق ناخشىسىنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغىنىنى دېدى ھەسرەتلىنىپ. بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈن كەلسۇن ھېچنېمە بولمىغاندەك دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان قەيسەر، ئۈمىدۋار دادامدا ناخشا ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە نازۇك قەلب ـ ئىنچىكىلىك بار ئىكەن.

بۇ ناخشىنى قايسى كۈنى ئىنتېرنېت توردا ئاڭلاپ قېلىپ مەنمۇ يىغلاپ تاشلىدىم. بۇ قېتىم ئانامنى ئەسلىگىنىمدىن ئەمەس، ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قېلىپ، تىكەندەك يالغۇز چوڭ بولغان دادامنىڭ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ يىغلىغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ يىغلاپ تاشلىدىم.

ئۆز كېيىمگە كەلسەم، ئانا بولۇش، بولۇپمۇ ئۆز ئاتا-ئاناڭ يوق يەردە ئانا بولۇش — قىزنى ئانىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەن ھازىر ئانامنىڭ 37 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، تورۇسى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كونا ئۆيدە بىز يەتتە بالىنى قانداق تەستە چوڭ قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. ھەممەيلەن يېتىپ-قوپىدىغان بۇ بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ كىچىكلىكى، كونىلىقى، يەنە باشقا جاپالىرىنى قويۇپ مۇنداق بىر مىسالنى ئالساق، يازدا ئۆگزىدىكى بالىخانىدا يازلايتتۇق، سۇنى ئون مىنۇتچە كېلىدىغان يەردىكى تۇرۇبىدىن ئەكېلىپ، شوتا بىلەن ئۆگزىگە ئاچىقىش، تېخى يۇندىنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ بىرمۇنچە مېڭىپ يۇندى ئورنىغا تۆكۈپ كېلىش ھازىرقى ياپونلار ئۈچۈن بىر ئەپسانە! زامانىۋى ئەل ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ خىل ئاۋارىچىلىك ھېلىھەم تېخى تالاي ئۇيغۇرىمىزنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى ئىدى! بۈگۈنكى تەرەققىياتتا بۇ خىل ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ بەكلا بىچارىلىك ئىدى! بۇ تېخى باشقا ئەزىيەت-جاپالارنىڭ ئاز بىر قىسمى. ئەنە شۇنداق جاپادا يەتتە بالىنىڭ سېزىكنى تارتىپ قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغۇش، ئۇلارنى شوتىلىق بۇ تار-قىستاڭ بالىخانىدا يىقتىپ، بىر يېرىمىزنى سۇندۇرۇپ ئەيىبناق، كۆيدۈرۈپ تاتۇق قىلىپ قويماي تەندۇرۇس چوڭ قىلىشنىڭ ئۆزىلا كاتتا ئىش ئىدى. ئانامنىڭ بۇ مۇشەققەتلىرىنى ئۆزۈم ئانا بولغاندا تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنى ئانامدىن كۆپ ياخشى شارائىتتا ئىكەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ، مۇساپىرەتتىكى دەرد-ئازابلارغا چىداش-بەرداشلىق بېرىشكە تىرىشتىم. بۇ ئازابلىق - غېرىب كۈنلىرىمدە مەن ئەڭ كۆپ ئەسلىگەنمۇ، ئەڭ سېغىنغان ئادىمىممۇ ئانام بولدى. شۇنىڭغا قاراپ، ئانا ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى تۇغىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. ھەم مېنىمۇ ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان، ئەڭ سېغىنىدىغان يەنە بىر ئادىمىمنىڭ كۆپىيىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. شۇ چاغدىلا، ئانامنىڭ قارىماققا بىر ئىشقا ئاسانلا يىغلايدىغان نازۇك خاراكتېرىنىڭ ئارقىسىغا ئۇنىڭ قەيسەرلىكى، چىداملىقلىقى، پىداكارلىقىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

يات ئەلدە ئۇلارنى كۆرەلمىسەممۇ ئاۋازىنى تېلېفوندا بولسىمۇ ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ غەم-قايغۇلىرىغا ئورتاق بولۇش، ئۇلارغا قىزىق بىر پىيالە چاي سۇنالمىسامۇ، «ئانا، بۈگۈن قانداقراق تۇرىسەن؟ دادا، نېمەڭ كەم؟» دەپ سوراشىمۇ بىر خىل بەخت ئىدى.

نەمخۇش، ساپ ھاۋا، قايەرگە قارىسا باغۇ-بوستان — يېشىلچىلىق. يىللاپ توپا كۆرمەي ئۆز رەڭگىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەر... ياپونلارغا گۈل ئۆستۈرۈش ئادەت ئىكەن. ئىشىك ئالدىلىرىغا گۈل تەشتەكلىرى تىزىلمىغان، ھويلىلىرىدا گۈل-گىياھ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلمىگەن ئائىلىلەر يوق دېيەرلىك. ھەيران قالىدىغىنىم، بۇ مېۋىلەر يەرگە چۈشۈپ، قۇرۇپ چىرىلىنىپ كەتسە كېتەتتىكى، ئۆزلىرى يېيىشمەيتتى. مېۋىلا كۆرسەم يېگۈم كېپكېتىدىغان سېزىك ۋاقىتلىرىمدا، يەرگە چۈشۈپ، چىرىلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن مېۋىلەرگە قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كېتەتتى ھەم تەڭرى ئاتا قىلغان بۇ رىزقتىن بەھرىلەنمەي تۆكۈلۈپ قۇرۇپ كېتىشنى ئىسراپچىلىق دەپ قارايتتىم. كېيىنچە بۇنى ياپونلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ باقتىم. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى، ياپونلار مېۋىلىك دەرەخلەرنى زىننەت ئۈچۈن تىكىدىغان بولغاچقا، ئانچە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا بۇ مېۋىلەرنىڭ رەسمىي يوسۇندا يېتىشتۈرۈلگەن مېۋىلەردەك تەمى بولمايدىكەن، شاخلاردا زىننەت بولۇپ تۇرىدىكەن. ھەقىقەتەنمۇ سوغۇقتا تىترەپ يۈرگەن كۈنلەردىمۇ شاخلاردا غۇچچىدە تۇرغان مېۋىلەرنى كۆرسە ئادەمنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئىللىپ قالغاندەك بوپقالاتتى. ئۆز كېيىمگە كەلسەم، تەڭرى باغچىدەك ياراتقان بۇ گۈزەل زېمىندا، شۇنداقلا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولغان ئىللىق ئۆيۈمدە تۇرۇپمۇ غېرىبلىق باساتتى. بۇ خىل غېرىبلىقنى پەقەت ۋەتەندىن — ئانا تۇپراقتىن ئايرىلىپ باققان يۈرەكلا ھەقىقىي ھېس قىلالايتتى.

قازان بېشىغا ئۆتەلمەيتتىم. بۇنداق چاغلاردا، قاچانلاردىدۇر سەھراغا چىققاندا تۇغقانلىرىمىز ئېتىپ بەرگەن مىچ-مىچ بوپقالغان گاڭپەندىن تارتىپ يېگۈم كېلەتتى. ھەتتا «ئانا يۇرت» رومانىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ سېپىلگەن ھويلىلىرى تەسۋىرلەنگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، شۇنداق ئۆيلەرنى كۆرگۈم كەلگەنىدى. ئۆزگىچە ياسالغان چاققانغىنە بۇ ئۆيىمىزمۇ كۆزۈمگە تۈرمىدەك كۆرۈنەتتى. سىرتقا چىقسام يەنىلا يات چىراي ياپونلار. ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق. تېلېفون قىلسىمۇ، ئالدىراشچىلىقتىكى كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئېلىۋېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، ۋەتەندىكىدەك «يۈرە، ئايلىنىپ كېلەيلى» دېگۈدەك ۋاقىت يوق، جىددىيچىلىك بىلەن تولغان بۇ ئەلدە بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ، ئۇلار بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولماق تولىمۇ تەس ئىدى. چىراغلىرى يورۇق ئۆيلەرگە قاراپ «مۇشۇلارنىڭ بىرەرسىدە ئۇيغۇر بوپقالغان بولسىچۇ» دەپ ئويلاپ كەتكەن ۋاقىتلىرىممۇ بولغانىدى. ئۇيغۇرسىرىغانىدىم. چاي ئىچسەممۇ، ھەتتا ئېڭىشسەممۇ قۇسۇپ پاراكەندە بولۇپ يۈرگەن بىلەن، ئۇيغۇر بالىلارنى كۆرسەم ئېچىلىپلا قالاتتىم، كېلىمدىنمۇ غىزا ئوبدانلا ئۆتەتتى. ئەھمەتجان: «خەقنى كۆرسىڭىز ئېچىلىپ كېتىدىكەنسىز، ئۆيگە كەلسىڭىز ئاغرىپ...» دېگەنىدى. بىراق مەندە نېمە چارە. قارىغاندا ئۇيغۇرغا سېزىك بولغان بولسام كېرەك.

تېلېۋىزورنى ئاچاتتىم. يەنىلا يات چىراي، يات مەدەنىيەت، يات تىل ... ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنى تولىمۇ سېغىنغانىدىم.

بۇ كالدىرلاشلار قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. ھەر كۈنى ناشتىدا خەۋەر كۆرىدىغان ئەھمەتجانمۇ تېلېۋىزورنى ئاچالماس بوپكەتكەنىدى. بۇ كۈنلەردە ياپون تىلى دەرسىمگىمۇ بارمايتتىم.

ياپونىيىدە ياشانغان كىشىلەر كۆپ بولغىنىدەك، قېرى مۈشۈكلەرمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بىز كۆرۈپ چوڭ بولغان «پىش!» دېگەنگە چۆچۈپ كېتىدىغان مۈشۈكلەردىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا چوڭ كوچىلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىغان قاغىلارنىڭ كۆپلىكى... ئۇلارنىڭ قاقىلداشلىرىدىن تارتىپ ۋەتەندىكىگە ئوخشىمايتتى.

نەگە قارىسا يېشىلچىلىق، قايەرگە قارىسا گۈل. مۈشۈ گۈللەر ئىچىدىن يۇرتۇمدىكى ماڭا تونۇش بەرەر گۈلنى ئۇچرىتىپ قالسام كۆڭلۈم بۆلەكچە ياياراپ كېتەتتى. بىر كۈنى ياپون تىلى دەرسىمگە كېتىۋېتىپ ئۆرۈك دەرىخىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ، ماي ئېيى بولغاچقا، ئۆرۈك غورا بولىدىغان ۋاقىت ئىدى(ئەمەلىيەتتە كۆرگىنىم راستىنلا ئۆرۈك ئەمەس، ياپونلارنىڭ هاراققا چىلاپ ئىچىدىغان «ئۇمې» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىسى ئىكەنتۇق. ئۇ، يۇرتىمىزدىكى ئۆرۈككە ئوخشايتتى،بىراق تەمى ئاچچىق ئىدى). بۇنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بوپكەتتىمدە، ياپونلار ئۈزلىرىمۇ ئۈزمەيدىغان مېۋىسىدىن ئىككى تال ئۈزۈۋېلىپ يولبويى پۇراپ ماڭدىم ھەم خېلى كۆڭگىچە ساقلاپ، پۇراپ يۈردۈم. كېيىنكى كۈنلەردە، مەھەللىمىزدە بۇ خىل ئۆرۈك دەرىخىنىڭ خېلىلا كۆپلىكىنى بايقاپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە مەھەللىمىزدە كىمنىڭ ئۆيىدە «ئۇمې»دەرىخىنىڭ بارلىقىنى، قايسى ئۆينىڭ مېۋىسىنىڭ ئوخشىغانلىقىنى مەندەك بىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

بىر كۈنى بىر دوستۇم يوقلىغىلى كېلىپ،يۇرتىنىڭ توقېچىدىن ئالغاچ كەپتۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىمۇ قىلماس بوپكەتكەن بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر نېنىنى كۆرۈپ ئەتىگەنلىرى ناشتا قىلىدىغان بولدۇم.

سېزىك بولۇشتىن تارتىپ يەڭگىچە بولغان بارلىق جەريان يات بىر ئەلدە يۇرتۇمدىكى ماڭا تونۇش پارچە-پارچە نەرسىدىن- ئادەملەردىن، ئەنئەنىدىن، پۇراقتىن، تاماقتىن، گۈللەردىن، ئاۋازدىن... تولىمۇ-تولىمۇ يىراقتا بولدى. قارىغاندا،باشقا ئايالاردەك ئاپېلسىن، تۇخۇم...دېگەندەك نەرسىلەرگە ئەمەس ئۇيغۇرغا ھەم ئۇيغۇرنىڭ ھەر بىر نەرسىگە سېزىك بولغاندەك تۇراتتىم. شۇ كۈنلىرىمدە ئەنە شۇنداق قاغىنىڭ ئاۋازلىرىدىن تارتىپ يات ئاڭلىنىدىغان بۇ ماكاندىن، ياپونلاردىن،ياپون تىلىدىن..بىزارلىق ھېس قىلغانىدىم.

## تۇغۇت جەريانى

ياپونىيىدە ھامىلدارلىق بايقالغان كۈندىن باشلاپ ھەر ئايدا بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇش ئومۇملاشقان قائىدىگە ئايلانغان بولۇپ،دوختۇر ھەر قېتىم تەكشۈرتۈشكە بارغاندا،كېيىنكى قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋاقتىنى كومپيۇتېردا بېكىتىپ قوياتتى ھەم تۇغۇت يېقىنلىشىپ ئىككى ئايچە قالغاندىن باشلاپ ھەر ئايدا تەكشۈرۈشتىن 15 كۈندە بىر قېتىم،ئاخىرقى ئايدا بولسا ھەر ھەپتىدە بىر تەكشۈرتۈش تەلەپ قىلىناتتى. تەكشۈرتۈش ھەققىنىڭ 70% نى سۇغۇرتىدىن بېرىدىغان بولۇپ، بىز پەقەت30% نىلا تۆلىسەك بولاتتى. ئارىلىقتا بالىياتقۇ راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈش ھەقسىز بولاتتى.

سېزىكلىكتىكى ئېغىر كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بوپقالدىم. سالامەتلىكىمنىڭ، گالدىن بىر نەرسە ئۆتكىنىنىڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. تۇغۇتۇم بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى.دۇنيادا تۇغۇتتىن قورقمايدىغان بىرمۇ ئايال زاتى بولمىسا كېرەك. مەنمۇ ھەم قورقۇۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولغاق تۇتقان ۋاقىتتا ئەھمەتجاننىڭ خىزمەتتە بوپقېلىشىدىن، تۇغۇتتىن كېيىن ئەھمەتجان خىزمەت بىلەن بولۇپ، ئانا-بالا ئىككىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق يالغۇز قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپمۇ تۇراتتىم.

تۈن كېچە سائەت ئىككىلەردە تولغىقىم ئون مىنۇتتا بىر تەرتىپلىك تۇتۇشقا باشلىدى.ئاخىرى تاڭمۇ ئاتتى. ئۆمرۈمدىكى ئەڭ قىيىن بىر كۈن — ھايات-ماماتلىق بىر كۈن باشلاندى. ئۆزۈمدىن غەيرەتلىك بولۇشۇمنى تىلەيتتىم. ئەھمەتجان ئىشلەۋاتقان شىركەت بىلەن دېيىشىپ قويغان 15كۈنلۈك رۇخستىنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئالدى. خۇداغا رەھمەت ئېيتتىم. ئەگەر ئۇ يوق ۋاقىت بوپقالغان بولسا، شىركەتتىن ئۆيگە كېلىش ئۈچۈنمۇ پويىز بىلەن بىرېرىم سائەت كېتەتتى. «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم»دەپ ئەمدى بۇ «تۇغۇت جېڭى»گە كىرمەي ئامال يوق ئىدى.

بۇ چاغدا ئەھمەتجان كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىشىنى قىلغاچ ھەر قېتىم تولغاق تۇتقاندىكى ۋاقىتنى خاتىرىلەپ تۇردى. مەن دىققىتىمنى بۇراش ئۈچۈن ناخشا-كۈي ئاڭلىغاچ كىتاب كۆرۈۋاتقاندىم. بىز تېخى دوختۇرخانىغا پىيادە ماڭىتا ئېتىپ يەپ بولغاندىن كېيىن بارماقچىمۇ بولغاندۇق. تولغاق ۋاقتى قىسقىراپ، بەش-ئالتە مىنۇتلارغا چۈشۈپ بولالماي قالغاندىلا دەرھال تاكسى توسۇپ دوختۇرخانىغا باردۇق.بىز دوختۇرخانىغا كەلگەندە سائەت چۈشتىن بۇرۇن11 بولغان بولۇپ، دوختۇر تەكشۈرۈپ، يەنە ۋاقىت بارلىقىنى ئېيتىپ بىر ياتاق ئاجرىتىپ بەردى.بۇ يالغۇز كىشىلىك ياتاقتا مەسئۇل سېستىرا قىز پات-پات كىرىپ كىرەكلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ، ئەھۋالىمنى سوراپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى، ئازابىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بېلىمنى تۇتاتتى.

«توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ،مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ ئاچچىق تولغاق يەپ بالا تۇغۇش» دېسە،«ھە، شۇنداق ئىشكەن»دەپ قويۇپ بىلمەيدىكەن

كىشى. ئۆز بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم.جان ئاچچىقىدا ئەھمەتجانغا:«ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ ـ نېمە؟ تۇغۇت دېگەن بۇنداق تەس بولىدىغان بولسا ئىككىنچى تۇغماسمەن!» دەپمۇ كېتىپتىمەن. چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بولغاندا ئاخىرى تۇغۇتخانىغا ئېلىپ كىردى. تۇغۇت كارىۋىتىدا ۋايجانلاپ ياتىمەن،بېشىمدا ئەھمەتجان، ئەتراپىمدا سېسترا، دوختۇرلار بولۇپ بەش ـ ئالتىچە كىشى. ھەر قېتىم تولغاق تۇتقاندا ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۈچىنچى قېتىم نەپەس قويۇپ بېرىدىغان چاغدا كۈچەپ ئىنجىقلايتتىم. ھەر قېتىم كۈچىگىنىمدە ئۇلار ناھايىتى ئوبدان غەيرەت قىلىۋاتقانلىقىمنى، يەنە ئازراق غەيرەت قىلىشىمنى ئېيتىشىپ ماڭا مەدەت بېرىشەتتى. بۇ ھالەت خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە يۈگۈرۈۋاتقان كىشىگە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەدەت بېرىپ تۇۋلاۋاتقان، ھەتتا قوشۇلۇپ بىللە يۈگۈرۈۋاتقان ھالەتنى ئەسلىتەتتى. ھاياتتىكى بۇ ھەل قىلغۇچ مىنۇتلار ئەنە شۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى ئادەمدەك بۇ يولنى مەيلى كەمبەغەلنىڭ قىزى بولسۇن، ياكى خانىش ـ مەلىكە بولسۇن، مەيلى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بولسۇن، ياكى تەرەققىي تاپقان ئەلدە بولسۇن، مەيلى ھەممە تۇغقىنى يېنىدا تۇرغان ئايال بولسۇن، ياكى مەندەك مۇساپىر بولسۇن...ئوخشاشلا بېسىپ ئۆتكەتتى، ئازابلىناتتى. ئوخشاشلا بۇ ئازابنى پەقەت ئۆزى بىر ئادەم تارتاتتى، باشقىلار تەڭ تارتىشىپ بېرەلمەيتتى. بىراق ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ غەمخورلۇقى، مەدەت بېرىشى ئادەمگە كۈچ ھەم غەيرەت قوشاتتى. توختىماي مەدەت بېرىشلەر ئىچىدە باشلانغان بىر قېتىملىق «تۇغۇت جېڭى» ئاخىرى نەتىجىلىك ئاخىرلىشىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 6:10 ئۆتكەندە بوۋاق تۇغۇلدى. قىزىمىز تۇمارىس تۇغۇلدى! چەت ئەلدە بىر ـ بىرىمىزدىن بۆلەك يۆلەنچۈكىمىز يوق ئەھمەتجان ئىككىمىزنىڭ جۈپتى ھالاللىق مېۋىسى، يۈرەكلىرىمىزنىڭ پارىسى، ئۆيىمىزنىڭ بەرىكىتى ھەم خۇشاللىقى تۇغۇلدى!

ياپونىيىگە يېڭى كەلگەن ۋاقىتلىرىمدا كۆنەلمەي، ئەھمەتجان ئىشقا كەتكەن چاغلاردا ئاجايىپ بىر غېرىبلىققا ئەسىر بولغان، ماڭا گەپ قىلىدىغان، سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بېرىدىغان بىرەرسى يوق شۇ كۈنلەردە باغچىغا باللىرىنى ئەكىلىپ ئويىنىتىۋاتقان ئانىلارغا قاراپ مېنىڭمۇ ئاشۇنداق ئەركىلىتىدىغان، ماڭا ھەمراھ بولىدىغان بالامنىڭ بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدىم ـ ھە؟ ئاخىرى ئۇلۇغ ياراتقۇچى تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ ھەمراھىم، گەپ قىلىدىغان ئادىمىم بار بولدى. دوختۇر ـ سېسترالار، بولۇپمۇ ئەھمەتجان ئىككىمىز بەكمۇ ھاياجانلانغانىدۇق. قىزىمنى ئوڭۇشلۇق يەڭگىۋالغىنىمدىنمۇ ياكى تۇنجى قېتىم ئانا بولغىنىمدىن بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكىنىمدىنمۇ، بەلكىم ھەر ئىككىسى سەۋەبتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم . ھەممىمىز خۇشال ئىدۇق. دوختۇر ـ سېسترالار «تۇغۇلغان كۈن» كۈيىنى قويۇپ، بۇ خۇشاللىقنى، بىر قېتىملىق «تۇغۇت جېڭى»نى ئوڭۇشلۇق تۈگەتكەن مېنى ھەم يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان قىزىمىزنى تەبرىكلەشتى.

تۇغۇتتىن كېيىنكى تاسادىپىي ئۆزگىرىش قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇغۇتخانىدا بىر سائەت كۆزىتىلىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇلار قىزىمنى بىردەمدىلا يۇيۇپ، بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېمىتىشىمنى ئېيتىپ يېنىمدا ياتقۇزۇپ بەردى. ئاجايىپ شېرىن، تاتلىق بۇ ئانىلىق ھېسسىيات ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ياراتقۇچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋىقىم مېنى ئېمىپ كەتتى.ھەممە ئىش نورمال بولغانلىقتىن، سېسترا قىز ئامال بار بالدۇرراق مېڭىپ بەرسەم سالامەتلىكىمنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تۇغۇتخانىدىن 50 ـ 60 مېتىرچە كېلىدىغان ياتاققا ئەھمەتجان ئىككىيلەن قولتۇقلاپ ماڭدۇرۇپ ئاچىقىپ قويدى. ئانا بولۇش قىزلارنى ئانىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. تۇنجى بولۇپ ئانامغا تېلېفون قىلىپ بۇ خۇشاللىقنى يەتكۈزدۇق. تېلېفوندا ئانامۇ، مەنمۇ يىغلىدىم. ئانام: «ئاچچىق تولغاق يېگەندە يېنىڭدا مەن يوق، ئانا دەپ قالغانسەن جېنىم قىزىم» دەپ تولىمۇ يىراقتا، يولدىشىدىن بۆلەك ھېچكىمى يوق يات ئەلدە قىزىنىڭ مۇشۇ جاپادا يەڭگەنلىكىدىن يىغلىسا، قىزى ئەسلىدە ئانىسىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق تۇغقانلىقى، ھەتتا بۇنداق ئېغىر شارائىتمۇ يوق ئەھۋالدا،بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك جاپادا تۇغقانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىن يىغلايتتى.

يىغلاپ تۇرۇپ ئانامغا: «مېنىمۇ مۇشۇنداق تۇغۇپتىكەنسەن ئانا ،رەھمەت» دېدىم.

## دوختۇرخانىدىكى كۈنلەر

ياپونىيىدە نورمال تۇغۇتتا دوختۇرخانىدا يەتتە كۈن يېتىش كېرەك ئىدى. مەن بۇ جەرياندا دوختۇر ـ سېسترالارنىڭ ئاجايىپ ئەستايىدىللىقىغا ھەيران قالدىم. دوختۇرخانىنىڭ تۈزۈمىدە كېسەللەرنى يوقلاش ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن كەچ سائەت توققۇزغىچە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە سېسترالارنىڭ كۈتۈشى ئەتراپلىق بولغانلىقتىن يەنە بىر ئادەمنىڭ داۋاملىق ھەمراھ بولۇشى ھاجەتسىز ئىدى. يەڭگەن كۈنۈم ئەھمەتجان كەچ سائەت ئونلارغىچە يېنىمدا تۇرۇپ، ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن قايتىپ كەتتى. چارچىغان ئوخشايمەن، كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. (ئادەتتە، بەك چارچاپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇخلىيالمايدىغان ئادىتىم بار ئىدى.) كېچە سائەت ئون ئىككىلەردە سېسترانى چاقىرىپ ئۇيقۇ دورىسى ئەكىرىپ بېرىشنى ئېيتتىم. دورىمۇ ئەسقاتمىدى، يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. دوختۇرخانا ئىسسىق ئىدى. مەن يۇرتتا چوڭلارنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئۆزۈمنى ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن كىيىۋالغان، ئۆيدىكىلەر ئەۋەتىپ بەرگەن پاختىلىق ئۇخلاش كىيىمىدە بەكلا ئىسسىپ كېتىپ، سېسترا قىزنى يەنە چاقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىچارە قىز يېرىم كېچىدە يۈگۈرۈپ كىرىپ كىيىمىمنى سالدۇرۇپ قويدى، ئۆزۈم ئۆرۈلۈپ

ياتالمىغاچقا،ئۆرۈپ قويدى. ئەتىسى قارىسام، بىر كېچە تۈزۈك ئۇخلىمىغان بۇ سېسترا قىز يەنىلا شۇ مۇلايىم كۈلكىسى بىلەن تېتىك ئىشلەپ يۈرۈپتۇ.

دوختۇرخانىدىكى يەتتە كۈنلۈك ھاياتىمدا ھەر كۈندىكى ئۈچ ۋاق تاماق، بالا ئېمىتىش، ھەتتا ھاجەتخانىغا چىقىشىمدىن تارتىپ تولىمۇ تەرتىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تامقىمنىڭ مىقدارى، بالامنىڭ قانچىلىك ئەمگەنلىكى، ئانا-بالا ئىككىمىزنىڭ ھاجەت قىلىش سانى،ئەتىگەن-كەچلىك بەدەن تېمپېراتۇرىسىغىچە دوختۇرخانىدىن بېرىلگەن جەدۋەلگە خاتىرىلىنىپ تۇرغاچقا، نۆۋەتچى سېسترا قىزلار ھەممە ئەھۋالىمدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئۈچ ۋاق قەرەللىك تاماقتىن سىرت چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە يەنە بىر قېتىملىق قوشۇمچە غىزالىنىشىمۇ بولۇپ، تورت، ئىچىملىك دېگەندەك يېمەكلىكلەر بېرىلەتتى ھەم بىمارلارنىڭ تامقى دوختۇرخانىنىڭ مەخسۇس ئوزۇقشۇناسلىق بۆلۈمىدە، ھەربىر بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەييارلىناتتى. ھەر قېتىمقى تاماقتا چوقۇم بىر قۇتا سۈت ياكى قېتىق، سالات (يېڭى كۆكتاتلاردىن تەييارلانغان)، مېۋە-چىۋىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېمەكلىك چوقۇم بولاتتى. ياپونلارنىڭ ئاساسلىق تامقى گۈرۈچ، يەنى گاڭپەن ئىدى. بۇلارنىڭ تامقىنىڭ مىقدارى ئاز، بىراق بىر قېتىملىق تامقىدا يەيدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر كۆپ بولۇپ، مايدا پىشۇرۇلغان تاماقلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئاشخانىلارنىڭ سىرتىغا تىزىلغان ياپونچە تاماقلارنى كۆرسەممۇ كۆڭلۈم ئېلىشىدىغان مەن دوختۇرخانىدا ياپونچە تائاملارنى تەبئىيلا ياقتۇرۇپ قالدىم. بولۇپمۇ بېلىقنى.

تۇغۇتتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ھاجەتخانىغا چىقىشنىڭ مەخسۇس بەلگىلىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، بىمارغا مەسئۇل سېسترا قىز چوقۇم بىللە چىقىش، بىمار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ھەم بەزى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تازىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ئىدى. يەڭگىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن سېسترا قىز ھاجەت قىلىشىمنى ئېيتىپ مېنى ھاجەتخانىغا ئاچىقتى ھەم ھاجەت قىلىپ بولغىچە ئەستايىدىللىق بىلەن ياردەملەشتى.تۇغۇتنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ كەم دېگەندىمۇ ھەر ئۈچ سائەتتە بىر ھاجەتخانىغا چىقتىم ھەم ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئامال بار كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بەردىم. بۇ، سالامەتلىكىمنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ھەم كۆپرەك سۈت چىقىشىغا پايدىلىق ئىكەن. ئەتىسى دوختۇرخانىنىڭ بىر قاتار تەكشۈرۈشىدىن كېيىن، ئەمدى مۇنچىغا چۈشسەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار بىلەن ياپونلارنىڭ ئىسسىق-سوغۇققا بولغان قارىشىدىكى پەرقلەرنى سۆزلەپ ئۆتسەم: دوختۇر ئەمدى مۇنچىغا چۈشسەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، يۇرتىمىزدىكى چوڭلارنىڭ «تۇغۇتلۇق ئايال 40 كۈنگىچە ئالدىراپ يۇيۇنسا بولمايدۇ» دېگەن گېپى بويىچە مۇنچىغا چۈشمىگەنىدىم. ياپون ئاياللىرى تۇغۇتتىن كېيىن دوختۇر تەكشۈرۈپ مۇنچىغا چۈشسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا نورمال ئادەملەردەك يۇيۇنۇۋېرىدىكەن. دوختۇرخانىنىڭ مۇنچىسىغا كىرمەكچى بولغانلار قانداق ۋاقىتتا يۇيۇنماقچى بولسا كارىدوردىكى دوسكىغا ئىسمى ھەم ۋاقتىنى يېزىپ قوياتتى. شۇڭا بىرەر قېتىممۇ ئىسمىمنى كۆرمىگەن دوختۇرلار ھەر كۈنى مۇنچىغا چۈشسەم، ئىسمىمنى يېزىپ قويسام بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتەتتى. مەن ئۇ يەر-بۇ يېرىمنىڭ يەنىلا ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ يۇيۇنمايتتىم. ئۇلار ئەكىرىپ بەرگەن ئىسسىق لۆڭگە بىلەن بەدىنىمنى سۈرتەتتىم. ھەر قېتىملىق تاماقتا بېرىلىدىغان قېتىقنى سوغۇق دەپ ئىچمەيتتىم. ئەمما ياپون ئاياللىرى قەھرىتان سوغۇقتىمۇ توڭلاتقۇدىكى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچەتتى. ئۆلچەملىك تېمپېراتۇرىدىكى ياتاقلاردا بىمارلارنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانىدىن بېرىلگەن نېپىز ئىشتان-كوپتا بىلەنلا يۈرسە، مەن بۇ كىيىملەرنىڭ ئۈستىگە قېلىن پاختىلىق كىيىمىمنى، بېشىمغا پوسمامنى كىيىۋالاتتىم. قىسقىسى، ياپون ئاياللىرىدا تۇغۇتتىن كېيىن بىزدەك ئۆزىنى ئىسسىق ساقلاش ئادىتى چورتلا يوقتەك تۇراتتى. دوختۇرخانىنىڭ مەخسۇس بوۋاقخانىسى بولۇپ، ئادەتتە بوۋاقلار شۇ ئۆيدە تۇراتتى. تاشقىرىقى ئۆيى ئېمىتىش ئۆيى بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك — كامىر شەكلىدىكى ئورۇندۇقلار (تۇغۇتتىن كېيىن ئولتۇرۇش ئاسان بولۇشى ئۈچۈن) چۆرىدەپ قويۇلغان بۇ ئۆيدە كېچە-كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان لەرزان كۈي ساداسى ئىچىدە ئانىلار بوۋاقلىرىنى ئېمىتەتتى. بوۋاقلار كىشىگە راھەت بېغىشلايدىغان ئىللىق بوۋاقخانىدا باشقا بوۋاق ئاداشلىرى بىلەن ئۇيقىغا كېتەتتى.

تۇغۇتنىڭ ئەتىسى چۈش سائەت ئونبىرلەردە بوۋاقخانىدا ماڭا بالىنى قانداق ئېمىتىش، ئەگەر تويمىغان بولسا بوۋاقخانىغا قويۇلغان سۈت پاراشوكىنى قانداق تەڭشەش، ھەتتا بوۋاقنىڭ زاكىسىنى قانداق ئالماشتۇرۇشقىچە بىر قاتار قائىدە-تەرتىپنى ئۆگەتتى. تۇغۇتنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئانا بالىنى ئۆزى ياتاققا ئاچىقىپ كېتىپ باقسىمۇ، چارچاپ ياكى سالامەتلىكى يار بەرمەي بېقىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، بوۋاقخانىدا سېسترالارنىڭ بېقىپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ بەرسىمۇ بولاتتى. بوۋاقنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بوۋاقخانىغا ئەكېلىپ بېرىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، سائەت سەككىزدىن ئونبىرگىچە سېسترالار بوۋاقلارنى يۇيۇندۇرۇپ، تەكشۈرەتتى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئىش، قىزىم تۇغۇلۇپ تۆتىنچى كۈنى قۇسۇپ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتكەنلىكتىن، يېڭى كىيىم ئاچىقىپ بېرىشنى ئېيتتىم. سېسترا قىز قىزىمنىڭ كىيىمىنى يۆتكەپ قويغاچ، كىندىكىنى سورىدى. مەن كارىۋىتىمنى رەتلىگەچ قولۇمغا چىقىپ قالغان، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي يانچۇقۇمغا سېلىۋالغان قاتتىق نەرسىنى چىقاردىم. ئەسلىدە قىزىمنىڭ كىندىكى چۈشۈپ كەتكەنتۇق، ھەر ھالدا تاشلىۋەتمەي ساقلاپ قويۇپتىمەن. سېسترا قىز چىرايلىق بىر قۇتىنى ئاچىقىپ

بالىنىڭ كىندىكىنى ئۈچىگە سېلىپ ماڭا بەردى ھەم ياپونلاردا بالىنىڭ كىندىكىنى مۇشۇنداق ساقلاپ، ئۇ چوڭ بولغاندا بېرىدىغان ئەنئەنىنىڭ بارلىقىنى دەپ بەرگەندە، مەنمۇ ھەم بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ، بۇ قائىدىمىزنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئېيتقىنىمدا سېسترا قىز ھەيران قالدى. ھەممە ئىش نورمال بولغانلىقتىن تۇغۇتنىڭ يەتتىنچى كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقسام بولاتتى. كۈتۈش ئۆيىدە چىقىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتۇق، سېسترا قىز چىرايلىق بىر كونۋېرتنى بەردى. بۇ، دوختۇرخانىنىڭ ھېسابات قەغىزى بولۇپ، ياپونىيىدە كېسەلنى داۋالاپ بولغاندىن كېيىن ھېسابات قىلىنىدىكەن. دوختۇرخانىغا تاپشۇرغان 400000 يېن (جۇڭگو پۇلىغا 26 - 27 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا)پۇلنى بىر ئايدىن كېيىن سۇغۇرتىدىن قايتۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، تۇغۇتنىڭ يەتتىنچى كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتىم. دوختۇر- سېسترالار ياخشى تىلەكلەر ھەم يەنە شۇ ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

بىر ئائىلىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ نازۇك ئىشلاردىن بىرى ئەنە شۇنداق ئاماللاندى. تۇغۇتلۇق ياپون ئاياللىرىنى تۇغقانلىرى يوقلاپ رغاندا، يوقلايدىغان ئۆمۈر يولدىشىدىن باشقا ھېچكىمى يوق ا بۇ كۈنلەردە يالغۇزلۇق بىلىنمىدى. ئەھمەتجان بۇ نلەردە دوختۇرخانىنىڭ تاماقلىرىدىن سىرت، سۈيۈق-سەلەڭ ئۇيغۇر تاماقلىرىنى ئېتىپ كېلەتتى. ياپونچە تاماقلارنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساممۇ ئۇ ئەتكەن ئۆز تەم تاماقلار ماڭا بەك تېتىپ كېتەتتى. ئۇ مېنى يالغۇز قويغۇسى كەلمەي تاكى كەچ سائەت توققۇز-ئونلارغىچە قارايتتى. كېسەل يوقلايدىغانلار كېتىپ، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆككەندىلا ئاستا كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ ئاتەشىن مۇھەببىتى ھەم دوختۇر-سېسترالارنىڭ يۈرەكتىن بالقىپ تۇرغان ئىللىق-سەممىي تەبەسسۇمى مېنى غېرىبسىندۇرمىدى. ياپونلارنىڭ مەيلى بىزار بولسۇن ياكى خاپا بولسۇن ئىچىدە بىلىپ، يەنىلا كۈلۈمسىرەلەيدىغانلىقىنى مانا مۇشۇنداق يالغۇزلۇقتا كۆرگەندە «ياشىسۇن ياپونلارنىڭ كۈلكىسى»دېگۈسى كېلەتتى كىشىنىڭ.

# ئانىلىق تۇيغۇلىرى

يېغىۋاتقان سىم-سىم يامغۇرغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم، ئېتىۋاتقان تامچىنى قويۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بۈگۈن تۈنجى- تۈنجى قېتىم تېخى قايسى كۈنىلا بىرسىنىڭ قارىغاينىڭ ئۈستىدىكى پاكىز قارلارنى كۆرسىتىپ: «سىز مۇشۇ قارغا ئوخشايسىز» دېگەندىكى پاك قىزچاقلىقىمدىن ئاياللىق قەدىمىنى باسقانلىقىمنى، ھەتتا بىر بالىنىڭ ئانىسى بوپقالغانلىقىمنى ئويلاپ قالدىم.

ۋاقىت ئۇقۇمى قىزىقتە. ئەمەلىي ۋاقىت بىلەن ئىنسان كاللىسىدىكى ۋاقىت ئۇقۇمى، رېئاللىق بىلەن ئادەمنىڭ خىيالى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن قىزىقارلىق باغلىنىش بولىدىكەن. ھەقىقەتەن قىزىق. شۇنداق بىر ئۇچۇق رېئاللىقنى ئەمدى ئويلاپ قالغىنىم قىزىق. خۇددى خاتىرىسىنى يوقاتقان كىشىدەك. ئۇ ھېلىھەم مېنى ئاشۇ ئاپئاق قارغا ئوخشاش دەپ قارامدىغاندۇ؟! مەيلى، ئۇ نېمە دەپ قارىسا قارىسۇن، مەن شۇنداق قارايمەن: ساپ مۇھەببەت ھەم شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن پۈتۈلگەن مۇقەددەس نىكاھىمىز ئاياللىق، ئانىلىق شەرىپىنى بەرگەندىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھقا باغلانغان روھ ۋە تەن پەرۋەردىگار ھەم ھەمراھىم ئالدىدا بۇرۇنقىدىنمۇ پاك ھەم مۇكەممەل! مۇھەببەت بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھى - جۈپتى ھالالىغا باغلىنىش، يەنى نىكاھ-تەڭرىنىڭ يەنە بىر قۇدرىتىدىن بىرى بولۇپ،بۇ، تەن ۋە روھنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشكىنى، پاكلىنىشى!

* * *

دۇنيادا بالا ئۈچۈن ئانىسىنىڭكىدەك يېقىملىق، گۈزەل چىرايدىن يەنە بىرسى بولمىسا كېرەك.

بوۋاق ئانىسىنى چىرايلىق ياسانغان ھالەتتىمۇ، ئادەتتىكى ھالىتىدىمۇ، ھەتتا تۈن كېچىدە كۆرگەندىمۇ ئوخشاشلا ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ. چۈنكى ئانىسىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئانىلىق روھىنى،ئانىلىق مېھىر -مۇھەببەت بىلەن تېخىمۇ گۈزەللەشكەن روھىنى بالا تونۇيدۇ. بالىدىكى بۇ خىل روھىي تونۇش پەقەت پاك قەلبلا سېزەلەيدىغان پەۋقۇلئاددە بىر خىل تونۇش بولۇپ، يېتىلگەن مۇتلەق كۆپ ئادەمدە بۇ خىل روھىي تونۇش خىرەلەشكەن.

* * *

كىچىككىنە پىيالىڭىزدە چاي ئىچىۋاتىسىز،تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىڭىز ئاپىڭىزدا. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بوپكەتتى. ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگىمۇ ياش كېپكېتىپتۇ... دۇنيادا مېھىر-مۇھەببەتكە ئەڭ تەشنا بۇ سەبىي-ئوماق كۆزلەر ماڭا مەسئۇلىيەتنى، دۇنيادىكى ئەڭ نازۇك ھېسسىياتنى، مېھىر-مۇھەببەتنى، ساپلىقنى، ھەم ئۆزۈمنىڭ باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياشىمىسام بولمايدىغانلىقىمنى ،ئۆزۈمنىڭ مۇھىملىقىمنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

ئانا بالىنى چەكسىز مېھرىدە سۆيۈپلا قالماي،بالىمۇ ئەڭ چوڭقۇر،تەبىئىي مېھىر بىلەن ئانىنى سۆيىدۇ. ھەر دائىم مۇنداق بىر ھالەت زاھىر بولاتتى. سىز ياتاق ئۆيدە ئۇخلايتتىڭىز، بۇ ۋاقىتتا مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلاردىن بىرى قەھۋە ئىچكەچ ئاشخانا ئۆيدىكى ئۈستەلدە ياپون تىلى ئۆگىنىش ئىدى. سىز ھەردائىم ئۆيقىدىن ئويغىنىپلا ئالدى بىلەن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ مەن بار ئۈستەلگە قارايتتىڭىز ھەم مېنى كۆرۈپلا ۋىلىقلاپ تاتلىق كۈلەتتىڭىز. بۇ

ئاجايىپ سۆيۈملۈك، تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىز كېلىدىغان كاتتا بەخت. بۇ خىل بەختنى پەقەت ئانىلا ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئانا بالا بېقىش جەريانىدا جاپادىن كۆپرەك مانا مۇشۇنداق پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىدىغان تاتلىق مىنۇتلارغا كۆپ ئېرىشىدۇ. شۇڭا دەيمەن، ماڭا ئانا بولۇش شەرىپىنى نېسىپ قىلغان تەڭرىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ ھەم تەڭرىنىڭ قۇدرىتى. بالا ئاتا-ئانىغا تەڭرى تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان مېھرىنىڭ قۇدرىتىگە بالىنىڭ ھەر قانداق جاپاسى ئاتا-ئانىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. بۇجاپالارنى خۇشاللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇمۇ ھەم تەڭرىنىڭ قۇدرىتى.

***

تۈنۈگۈن ئالىي مەكتەپتىكى بىر قانچە دوستۇم بىلەن ئالاقىلىشىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشقا بالىلار بىلەن پەقەتلا ئالاقىلاشمىغانلىقىمنى تۇيۇقسىزلا ئويلاپ قالدىمدە، ياپونىيىگە مەن بىلەن كېپقالغان بۇرۇنقى كونا تېلېفون دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ، بىر-بىرلەپ تېلېفون قىلىشقا باشلىدىم. بالىلارنىڭ ئاۋازى ئۆزگەرمەپتۇ،بىراق تېلېفون نومۇرلىرى، ھاياتىدا ئۆزگىرىشلەر زور بوپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ يېڭى تېلېفون نومۇرلىرىنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىدىن بىلدىم. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرىدىن خۇشھال بولسام، بەزىلىرى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى.

كۆڭلۈمنى غەش قىلغىنى، بەزى بالىلار تا ھازىرغىچە خىزمەت كۈتۈپ تۈگشىپلا كېتىپتۇ. ئالىي مەكتەپتىكى بىر ياتاقدىشىمنىڭ دېيىشىچە ، ئۆيىدىكىلەر خىزمىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە «ئاز قالدى،تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دەپ ساقلاۋاتقىلى تۆت يىل بوپتۇ. دادىسى بەكلا مۇتەئەسسىپ ئادەم بولغاچقا، بىرەر يەردە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشلەپ تۇرۇشىغا قوشۇلماپتۇ. خەقلەرنىڭ ئالدىدا «قىزنى پۇل تېپىشقا چىقىرىپ قويىدى» دېگەن ئاتاقتا قالغۇسى يوقمىش. شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بۇ قىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى بۇ تۆت يىلدا ئۆينىڭ، ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ، بەئەينى بىر دېھقان قىزغىلا ئوخشاپتۇ. ئويلاپ قالدىم، بەزى ئائىلىلەردە ئاتا-ئانىلار بۇرۇنقى كونا قاراشلار بىلەن بالىلارنى، بولۇپمۇ قىزلارنى بەكلا چەكلەپ، ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن.

پەرزەنت – تەڭرى ئىنسانغا ياخشى تەربىيىلەپ چىقىش ھاۋالە قىلىنغان كاتتا سوۋغات. بالىنىڭ خاراكتېر ئەركىنلىكىنى چەكلەپ،مۇستەقىل تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ھەتتا تەڭرىنىڭ ئالدىدىمۇ قىلىنغان جىنايەت.

## خاتىمە

شۇنداق قىلىپ 25 يىلدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. بۇرۇنقى توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان قۇرغاق ھاۋا نەم ساپ ھاۋاغا، نان بولكىغا، ھەتتا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدىن تارتىپ ھەممە-ھەممە ئۆزگەرگەن.

ۋەتىنىدىكى چاغلىرىمدا، چەت ئەللەرگە چىققان بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئۇ ئەللەر توغرىسىدا يازغانلىرىنى ئوقۇسام، چەت ئەللەر بەئەينى جەننەت، ئادەملىرى پەرىشتە ئىدى. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم: «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن. چەت ئەلدە ھەتتا ۋەتىنىدىكىدىن نەچچە ھەسسە جاپا چېكىپ تەر تۆكمىگەندە بىر قاچا تاماققا ئىگە بولغىلى بولمايدىكەن. چەت ئەل جەننەت ئەمەس ئىكەن، ئادەملىرى ھەم پەرىشتىمۇ ئەمەس ئىكەن! بىراق، مېيلى خەقنىڭ ۋەتىنىدە ئېرىقىدا ھەسەل ئاقسۇن، يېگىنىمىز شېرىن-لەززەتلىك بوپكەتسۇن،ئۆز خەلقىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاجايىپ سۆيۈملۈك ۋە ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆز ۋەتىنى بىلەن بىر جان، بىر تەن ئىكەن.

«مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەندەك، ياپونىيىدە مۇساپىرەتتە ياشاپ رەيھانغا بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. ئۇ ۋەتىنىنى، ئاتا-ئانىنى، خەلقىنى... ھەممە-ھەممىنى قايتىدىن تونۇپ چىقتى؛ قايتىدىن تۇغۇلدى.

ئانا بالا تۇغدى، لېكىن يارىتالمىدى! ئۇ پەقەت تەڭرى ئاتا قىلغان ئۇلۇغ ۋەزىپىدىن بىرنى تاماملىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە نۇرغۇن ۋەزىپە تۇرۇپتۇ. بالا ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى، تېنى ۋەتەن بىلەن، روھى خەلق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندىلا ئانا بۇ ۋەزىپىنى ياخشى تاماملاۋاتقان بولىدۇ.

بالا«بەخت»ئۇقۇمىنى كۆز ئالدىدىكى ماددىي نەرسىلەرگە باغلاپ قويمىغاندا،ئۆز-ئۆزىنى ھەرۋاقىت بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان كۈلكە ھەم يىغا ئۇقۇمى چىن مەنىسىنى تاپقاندىلا ئانا بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداۋاتقان بولىدۇ. بىر گۈزەل روھ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، بۇ ئۇيغۇر روھى بولالىغاندىلا، ئانا ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى تاماملاۋاتقان بولىدۇ.

ئانا يالغۇز ئۆيدىكى بالىنىڭلا ئەمەس، مۇمكىن بولسا پۈتكۈل خەلقنىڭ، ئانا مېھرىگە زار بولۇۋاتقان بارلىق يېتىم-يېسىرنىڭ ئانىسى بولالىغاندىلا، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداۋاتقان بولىدۇ. ئانا سەن تىرىشقىن، مەن تىرىشاي، قىزىم سەنمۇ غەيرەت قىلىپ تىرىشقىن. گەرچە بۇ تىرىشچانلىقلار ئاز-ئازدىن بولسىمۇ، كۆزگە تۇزۇك كۆرۈنمىسىمۇ.

2007-يىل 3-دېكابىر، ياپونىيە-توكيو

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ياپونىيىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا كىرىش تەييارلىقىدا(M1)



# ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كۈنلەر

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

## مەن كۆرگەن مائارىپ

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېرىم يىل ئوقۇپ يازلىق ۋە كۈزلۈك مەۋسۇملارنى تۈگەتكەندىن كېيىن قىشلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە قايتتىم. دوستلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم: «ھاۋاي چىرايلىقمىكەن؟ ئۇ يەردىكى تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟» دەپ سوراشتى. مەن بۇ سوئاللاردىن بىر خىل دوستانىلىكنى ھېس قىلاتتىمۇ، ئىچىمدە، نېمە ئۆگەنگەنلىكىم ۋە ئىدىيەدە ئىلگىرىلەش بولغان - بولمىغانلىقى ھەققىدىكى ئۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىشنى بەكرەك خالايتتىم. مەندىن سورالغان سوئاللارنىڭ كۆپىنچىسى مەنزىرە، ئادەملەرنىڭ چىرايى، ئىستېمال سەۋىيىسى، تاماق دېگەندەك تېمىلار ئۈستىدە بولاتتى. دوست - بۇرادەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلىرىمدا «ھاۋاي خەلقئارالىق ساياھەت شەھىرى بولغاندىكىن، چىرايلىق قىزلار جىقتۇ؟» دېگەندەك ئوخشاش چاقچاق ئارىلاش گەپلەرمۇ چىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن كۈلۈپلا قوياتتىم ھەم ئىچىمدە بۇ سوئاللارنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ قالاتتىم. ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ جەلپكار دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغىنى ئۈچۈن يۇرتداشلىرىمنىڭ قىزىقىسىنىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى سورىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. بۇ سوئاللارغا چەت ئەللەرگە ئوقۇش ۋە ساياھەت مەقسىتىدە چىقىش قېرىنداشلىرىمغا تەس بولغانلىقى سەۋەبلىك پەيدا بولغان بىر خىل قىزىقىسىنىش كەيپىياتى ئارىلىشىپ كەتكەندەكمۇ قىلاتتى. گەپ سورىغانلارنى، پاراڭلىرىدا نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز ۋە تۇرمۇش ئەندىزىمىزدىن بېشارەت بېرىپ ئۆتىدىغان چاقچاقچى دوستلىرىمىزنى چۈشىنىشكە بولاتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر مەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىم، قانداق يېڭى ھېس - تۇيغۇلاردا بولغانلىقىم توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەلۋەتتە، مەن چەت ئەلگە چىقىۋېلىپلا يۇرت ۋە يۇرتداشلارنى تەنقىد قىلىدىغان، مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى

## مەن كۆرگەن دۇنيا

دۆلەتنى بىر ئۇقتىدا قويۇپ سېلىشتۇرىدىغان يەڭگىلتەكلىككە قارشى ئىدىم . قېرىنداشلىرىمغا روھنى كۆتۈرىدىغان ۋە يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە تۇيغۇ ، ئىلھام ئاتاقىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئىمكانىيىتىم يار بەرگەن دائىرىدە دەپ بېرىشنى خالايتتىم. مەن ئويلايتتىمكى، ‹‹يەر شارىنى خۇشخۇي ئادەملەر چۆرگىلىتىدۇ›› دېگەن ئامېرىكانلارچە ھېكمەت بىزگىمۇ چۈشىدۇ . بۇ دېگەنلىك كۆرەشچانلىقنى ، ئېنىق بىر مەۋقەنى تەلەپ قىلىدىغان جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەمگە ھەجىبىپ ياشاش ، سۇنىڭ ئېقىشى، تۇكنىڭ يېتىشىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىك ئەمەس . بىز ئازابلارنىڭ يىلتىزىنى ، كېلىۋاتقان خىرىسلارنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئاساستا ئۈمىدۋار ياشىساق ، چۈشكۈنلۈك ئاسارىتىدە قالغان روھىمىزنى ، تۇرغۇنلۇق ئىچىدە پىكىر قىلىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىۋاتقان كاللىمىزنى ، شەھەرلىشىش ۋە يېڭىچە ئىستېمال قوغلىشىش داۋامىدا ئۆزىگە خاس سېزىملىرى يوقالغىلى تۇرغان يۈرەكلىرىمىزنى يېڭىچە بىر نۇقتىدىن تونۇپ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتسەك ، بىز ماڭىدىغان يول تېخىمۇ ئېچىلىدۇ ، كۆزىمىز يېڭىچە بىر نۇرنى كۆرىدۇ .

مەن ئەنە شۇنداق ئويلارنىڭ تۈرتكىسىدە سۆھبەت ئارىلىقىدا باشقىلارغا ھونولۇلۇدا كۆرگەن گۈزەل مەنزىرە ۋە ھەيۋەت كوچا مەنزىرىلىرىدىن كۆرە ئامېرىكانلارنىڭ مەن كۆرگەن مائارىپ ئەندىزىسى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا كۆپرەك پاراڭ قىلىپ بەردىم . پاراڭلىرىمدا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆزۈم قاتناشقان گۇرۇپپا مۇنازىرىسى ، دەرسخانا كەيپىياتى ھەققىدىكى مەزمۇنلار كۆپرەك ئىدى . ئۇ يەردە دەرسلەرنى ئۆزىمىز ئەركىن تاللايدىغانلىقىمىز ، ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدا ئىمتىھان ئېلىنماي، ئۆگەنگەنلىرىمىز يازغان ماقالىمىزنىڭ سۈپىتى ئارقىلىق ئۆلچىنىدىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى، ئاسپىرانتلار ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى باشقۇرىدىغان سىنىپ مەسئۇلىنىڭ بولماسلىقى مېنى ئەڭ خۇش قىلغان ئىشلار ئىدى .

بىر كۈنى ئەتىيازلىق مەۋسۇمدا تاللىماقچى بولغان دەرسلىرىم توغرىلىق پىكىر ئېلىش مەقسىتىدە يېتەكچى پروفېسسورۇم بىلەن كۆرۈشتۈم .

ـ قانداق دەرسلەرنى تاللىشىم كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت بەرسىڭىز، ـ دېدىمەن پروفېسسورۇمغا .

پروفېسسورۇم جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئەتىيازلىق مەۋسۇمدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ كومپيۇتېردىكى تىزىملىكىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن :

ـ بىز يەنىلا سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى ئاساس قىلايلى ، ـ دېدى .

مەن پروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا «جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسلىقى»، «مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىقى» ۋە «شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى» قاتارلىق ئۈچ خىل دەرسنى تاللاش ھەققىدە ئويلىنىپ قويغانىدىم . مەن ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم .

ـ بولىدۇ ، ـ دېدى پروفېسسور ، ـ ئۈچتىن ئارتۇق دەرس تاللىسىڭىز جاپا تارتىپ قالىسىز . بىر دەرس ئۈچۈن كەم دېگەندە تۆت ـ بەش پارچە كىتابنى ئوقۇپ ھەزىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بىراق مەن ئويلايمەن ، ـ پروفېسسور بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ـ «جەمئىيەت نەزەرىيىسى» جەمئىيەتشۇناسلىق پىنىنىڭ جېنى. «جەمئىيەت نەزەرىيىسى»نى تەتبىقلىماي تۇرۇپ ئىجتىمائىي تېمىلارنى نېگىزىدىن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ . مۇمكىن بولسا مەن سىزگە بۇ قېتىم «بۈگۈنكى زامان جەمئىيەت نەزەرىيىسى»نى تاللاش تەكلىپىنى بېرىمەن . لېكىن سىز ئۈچ دەرسنى تاللاپ بوپسىز . تۆت خىل دەرس ئوقۇسىڭىز بەكلا ئالدىراش بوپكېتىشىڭىز مۇمكىن . قانداق قىلساق بولار ؟

پروفېسسور ھەر بىر ئېغىز گېپىدە مېنىڭ ئەمەلىيىتىمنى ، قىزىقىشىمنى ئاساس قىلاتتى ؛ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى مەسلىھەت تەرىقىسىدە ، سىلىق ئاھاڭدا ئېيتاتتى . مەن ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا كۆرۈپ «شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى» پىنىنى كېلەر قېتىمغا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا«جەمئىيەت نەزەرىيىسى»نى تاللايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ، پروفېسسورۇم قوشۇلدى . مەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن ناھايىتى راھەتلەندىم . ئۆز خاھىشىم بويىچە دەرسلەرنى تاللىيالىغانلىقىم ، پروفېسسورۇمنىڭ باشتىن ئاياغ مېنىڭ نۇقتامدا تۇرۇپ پىكىر قىلىشى مېنى خۇرسەن قىلدى .

ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارغا ھەپتىدە بىر قېتىم دەرس ئۆتۈلەتتى، قالغان چاغلاردا ئۆزىمىز مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆرۈپ كېلەر قېتىملىق گۇرۇپپا مۇنازىرىسىگە تەييارلىق قىلاتتۇق . كۆپىنچە ۋاقتىمىز ئۆز ئىلكىمىزدە بولاتتى . دەرسخانىلاردا يوقلىما قىلىنمايتتى ( ئەمما پروفېسسورلار كېلىپ ـ كېتىش ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى ۋە بۇنى مەۋسۇم ئاخىرىدا نەتىجە چىقارغاندا كىچىك بىر ئۆلچەم قىلاتتى ) . ئەمما بۇ بوش ۋاقىتلاردا بىكار يۈرۈشتىن ، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىشتىن دېرەك بەرمەيتتى . گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ۋە مەۋسۇم ئاخىرىدا ھەر بىر ئوقۇغۇچى بېرىشكە تېگىشلىك ھاسىلاتنامە ( presentation ــ ئۆگەنگەنلىرىدىن مەلۇمات بېرىش خاراكتېرىدىكى بىر خىل نۇتۇق) تەييارلاش داۋامىدا ئىپادىسى ياخشى بولمىسا ، تۆۋەن نومۇر ئالىدىغان گەپ ئىدى. جۇڭگو مائارىپىدىكىدەك 100 نومۇرلۇق سىستېما قوللىنىلمايتتى. C دىن تۆۋەن نەتىجە لاياقەتسىز ھېسابلىناتتى. ئاسپىرانتلارغا C ئېلىشقىمۇ بولمايتتى. بەزى پروفېسسورلار نومۇر قويغاندا تېخىمۇ ئىنچىكە بولۇپ A دەرىجىنى يەنە+A ـ A،

A دەپ ئۈچكە، B دەرىجىنى يەنە B+، B ـ، B دەپ ئۈچكە بۆلەتتى . قوشۇش بەلگىسى قويۇلغان ھەرپ شۇ دەرىجىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ؛ ئېلىش بەلگىسى قويۇلغان ھەرپ تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرەتتى . ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تولىسىدا A ـ دىن يۇقىرى نەتىجە ئېلىش تەلىپى قويۇلاتتى . بولمىسا (GPA ئومۇمىي نەتىجە كۆرسەتكۈچى ) چۈشۈپ كېتىپ ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدىكى ئوقۇش نەتىجىسىگە تەسىر يېتەتتى . ھەر بىر دەرسكە ئۈچ نومۇر ( توغرىراقى ئۈچ كرېدىت ، credit) بېرىلەتتى . ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى ھاياتىدا 30 ئەتراپىدا ( بەزى پەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن سەل يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن ) نومۇر ئېلىش تەلەپ قىلىناتتى . بىزنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ماقالىگە بېرىلىدىغان ئالتە نومۇر ئومۇمىي نومۇرنىڭ ئىچىدە ئىدى . ئاسپىرانتلىق ئوقۇتۇشى تۈزۈمىدىكى دەرس تاللىغاندا ئەركىن بولۇش ، ھەركىمنىڭ تەتقىقات قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە شۇ قىزىقىشىغا ئۇدۇل كېلىدىغان تېمىلارنى تەتقىق قىلىدىغان پروفېسسورنى تاللاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر كىشىنى راھەتبەخش تۇيغۇ ئىچىدە ئۆگىنىشكە ، ئۆزىنى سوراشقا ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشقا ئۈندەيتتى .

- يات دۆلەتتىن ، بولۇپمۇ جۇڭگودىن بارغان ئوقۇغۇچىلار ۋقەررەر رەۋىشتە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىلىم تەتقىقاتى تودى مەسىلىسىدە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتى . ئەلۋەتتە ، لىنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئامېرىكانلارنىڭ تۈز سىزىق بويىچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئىلىم تەتقىقاتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى . يەنى بىر تېمىنى تاللىسا ، باشقا تېمىلارغا زېھنىنى چاچماي شۇ دائىرىدە ئىچكىرىلەپ كىرىش ، شۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بۇرۇنقى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى چوقۇم ئەسلەپ ئۆتۈش تەلەپ قىلىناتتى . ئەمما ، يۇرتىمىزدا كۆپ ستاتا ئېلىنغان ، ئىلمىي دەللىلەر كۆپرەك كۆرسىتىلگەن ماقالىلەرنى زور كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇرمەن ، ھەتتا بىر قىسىم ئەدىب ياقتۇرمايتتى ، ئوقۇمايتتى ،«« ئىجادىيلىقى يوق، كۆچۈرمىكەش »» دەپ ئەيىبلەشتىن يانمايتتى . مەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندىن كېيىن بۇ خىل پىسخىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلۇمدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىشكە ، سۆز ئويناتماي پاكىتنى ئاساس قىلىش ، باشقىلارنىڭ كېيىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ( ھالبۇكى ، يۇرتىمىزدا بۇ خىلدىكى ئىلىم ساختىپەزلىكنى روشەن ھېس قىلالاتتىم ) خاھىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم .

ھەر بىر سائەتلىك دەرستە گۇرۇپپا مۇنازىرىسى بولاتتى . مۇنازىرىلەر داۋامىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلىناتتى . گۇرۇپپا مۇنازىرىسى شەكلىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ ئۇنۇمىنى كېيىنچە ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئېنىق ھېس قىلدىم . بۇ خىل ئەندىزە ئىچىدە ئادەم يېڭى ئۇچۇر، يېڭى پىكىرگە ، تەنقىدىي ئويلىنىشلارغا ئېرىشەتتى ھەم يۈزەكى خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىراش ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش، گەپ يورغىلىتىش قاتارلىق ئىلىم تەتقىقاتى پرىنسىپلىرىغا يات خاھىشلاردىن قانداق ساقلىنىشنى ئۆگىنەتتى . مۇزاكىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەر بىر گۇرۇپپىدىن بىر ئادەم دەرس ئارىلىقىدا ئۆز گۇرۇپپىسىدا بولۇنغان مۇلاھىزىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ دەپ ئۆتەتتى . بۇنىڭدا ئالىدىغان ھاسىلات ۋە يېڭى ئۇچۇر تېخىمۇ كۆپ بولاتتى . 2007 ـ يىل ئېيۇلدىكى يازلىق مەۋسۇمدا «« سېلىشتۇرما مەدەنىيەت »» دەرسىدە تانزانىيىلىك نېگىر ساۋاقدىشىم پونسىئانو بىلەن گۇرۇپپا مۇنازىرىسىگە قاتنىشىپتىپ بولۇنغان تالاش ـ تارتىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ . تالاش ـ تارتىشمىز«« ھەمجىنسلار ( homesexuality، 同性恋)نى قانۇن ئېتىراپ قىلىشى كېرەكمۇ ـ يوق ؟ »» دېگەن تېمىدا بولدى . مۇسۇلمانلار ھەمجىنسلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆزۈممۇ شۇنى شەرتسىز ياقلايدىغانلىقىم ئۈچۈن، مەن«« ھەمجىنسلىقنى دۆلەت چەكلىشى كېرەك. ئۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇ ئەخلاققا قىلىنغان ھاقارەت »» دېگەن قارىشىمدا چىڭ تۇردۇم . پونسىئانو باشقىلارنىڭ گېپىدىن پۈتاق چىقىرىشقا ئامراق ، ئويلىمىغان نۇقتىدىن پىكىر قىلىدىغان يىگىت ئىدى. كۆپىنچە ھالدا گۇرۇپپا مۇنازىرىسىدە ئىككىمىز تالىشىپ قالاتتۇق . شۇ كۈنىمۇ ئۇ كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن چىقىپ، ھەمجىنسلارنىڭ توي قىلىشى شەخسنىڭ ئەركىنلىكىدىكى ئىش ئىكەنلىكى ، دۆلەتنىڭ ئۇنى چەكلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ ، چۈشەندۈرۈشلىرىمگە قارشى چىقتى . ئاخىرى بولماي مەن ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم :

ـ تانزانىيىدىمۇ مۇسۇلمانلار كۆپ. ئەمىسە تانزانىيىمۇ ھەمجىنسلارنى قوللىشى كېرەكمۇ ؟ سەن بېجىرىم بىر يىگىت ، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭ دېمەتلىك يەنە بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن ؟

ـ خالىمايمەن، ـ دېدى پونسىئانو كۈلۈپ تۇرۇپ ، ـ ئەمما مېنىڭ خالىماسلىقىم تانزانىيە ھۆكۈمەت سىياسىتىدە ھەمجىنسلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك دېگەنلىكىم ئەمەس . بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك دەۋرى . قانداق ياشاش شەكلىنى تاللاش ـ شەخسنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىدىكى ئىش .

ـ مەن سەن دەۋاتقان دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك ئۇقۇملىرىغا قارشى ئەمەس . ئەمما ، ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان ھەمجىنسلار مۇناسىۋىتى ئىنسانىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئەخلاق مىزانلىرىنى

پايخان قىلىپ تاشلايدۇ . ئەركىنلىكنى زىيادە تەكىتلەيدىغان غەرب جەمئىيىتىمۇ مانا بۈگۈن ئەخلاقسىزلىق، جىنسىي ئەركىنلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى . ئەيدىز قاتارلىق ساقايماس جىنسىي كېسەللىكلەر سەن دەۋاتقان ئاتالمىش جىنسىي ئەركىنلىك، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى. سەن ھەمجىنسلارنىڭ دۆلەتكە، جەمئىيەتكە، ئەۋلادلارغا كەلتۈرىدىغان زەھىرى، قاباھەتلىك زىيىنىنى سەل چاغلاپ قېلىۋاتىسەن .

پونسئانو يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلاتتى . ئاخىرى ئىككىلىمىز ئۆز پىكرىمىزنى ساقلاپ قالدۇق . ئەمەلىيەتتە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئوخشىمىغان ئىككى خىل قىممەت قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مەن ئامېرىكا مائارىپىدىكى ئوخشىمىغان پىكىرگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىنى بۇ يەردە ھەققىي ھېس قىلدىم . مۇئەللىم خۇلاسە قىلغاندا قايسىمىزنىڭ پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئايرىپ ئولتۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە پونسئانو بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىدىيە ئىختىلاپى ئىككى خىل بىلىش شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئىدى . «بىزنىڭ بىلىشىمىز بىز باشتىن كەچۈرگەن تارىخ ۋە ياشاۋاتقان مەدەنىيەت مۇھىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەيدۇ كېنىس ئاللان[1] .

ئىچىمدە پونسئانونىڭ گەپلىرىگە قايىل ئەمەس ئىدىم. مۇئەللىمنىڭ كىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئايرىمىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى . مەن ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمىگەن ، قوبۇل قىلالمىغان نۇرغۇن ئىش بۇ يەردە ئۆز يوسۇنىدا داۋام قىلىۋېرەتتى . ئادەمگە مەدەنىيەت ئەندىكىشى ھېس قىلدۇرىدىغان بۇنداق ئىشلار بۇ يەردە كۆپ ئۇچرايتتى . كېيىن بىلسەم ، ئامېرىكا جەمئىيىتى ئېچىۋېتىلگەن ، ئەركىن بىر جەمئىيەت بولۇشقا قارىماي ، ھەمجىنسلارنىڭ دۆلەت مىقياسىدا قانۇنلىشىشىغا قارشى تۇرغانىكەن . كالىفورنىيە ، ماساچۇستس قاتارلىق بىر قانچە شتات ئۆز شتاتلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە ھەمجىنسلارنىڭ توي قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەندىن باشقا، قالغان شتاتلار ھەمجىنسلىقنى قانۇنلاشتۇرۇشقا قارشى ئىكەن . ھوللىۋۇد جايلاشقان لوس ئانجېلېس شەھىرى ھەمجىنسلار بىر قەدەر كۆپرەك جايلاشقان شەھەر ئىكەن . ھەر 700 ئادەمنىڭ ئىچىدە 100 دىن 150 كىچە ئادەم ھەمجىنس ئىكەن . ھەمجىنسلىقلار ئىچىدە كىرىمى يۇقىرىلار - كىيىم لايىھىلىگۈچىلەر، گىرىمچىلەر، رىياسەتچىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن . ئالايلۇق ، «تېخنىكا ۋە جەمئىيەت» تېلېۋىزىيە پروگراممىسىنىڭ داڭلىق ئايال رىياسەتچىسى ئېللىن ( Ellen Degeneres) ھەمجىنس تائىپىسىدىكىلەردىن بولۇپ، ھەمجىنسلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلغان . ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر كىشىلەر بىر خىل تەنقىدىي نەزەر بىلەن جىنس ئالاھىدىلىكىمگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. ئەمما ، كەلگۈسىدىكى 30 يىلدا مەن يەنىلا ھەمجىنسلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.» ھوللىۋۇدتىكى جۇڭگولۇق داڭلىق رېژىسسور لى ئەن: «جۇڭگولۇقلار ھەمجىنسلارغا توغرا قارايدۇ . ئۇلارنى باسىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ . ئامېرىكىدا پۈتۈنلەي ئەكسىچە . ئامېرىكىدىكى كونسېرۋاتىپلار ئارىسىدا ھەمجىنسلارغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى ئېغىر . ھەتتا بەزىلەر ھەمجىنسلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىغان.» لى ئەن «جۇڭگولۇقلار ھەمجىنسلارغا توغرا قارايدۇ » دېگەندە، جۇڭگودا ياشايدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بۇنى ياراتقۇچىغا قىلىنغان ھاقارەت، كەچۈرگۈسىز قەبىھ ئەخلاقسىز قىلمىش دەپ تولىمۇ ئېغىر ئالىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارغان بولسا كېرەك . جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، ھەمجىنسلىق ھادىسىسىنى تەرەققىيات ، زامانىۋىلىق ۋە ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە يۈكسەك دەرىجىدە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا كۆرۈلگەن ئاينىش، غېرىبلىق ، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىپادىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى .

شۇنداق قىلىپ ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گۇرۇپپا مۇنازىرىلىرىدە نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇر ، يېڭى پىكىرگىمۇ ئېرىشتىم . ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدىغان يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سەۋر قىلىشنىمۇ ئۆگەندىم . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كاللامدا پەيدا بولغان تەتقىقات مېتودى ۋە ئۆز كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى پروفېسسورلارنىڭ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سوراشنى ئۆگەندىم . ئامېرىكا مائارىپىدا ، دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى ھەر ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىت دەرس پىلانىغا ئېنىق يېزىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېڭىرقىغان ، بىلەلمىگەن يەرلىرىنى سوراۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىلىدۇ . ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى ئۆزىمىزنىڭ ئىزدىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا ، ئامېرىكا مائارىپىدىكى بۇ ئۆزگىچىلىك ماڭا ياردى . ئەمما قىزىق يېرى ، يالغۇز قالغاندا ، كىتاب - ماتېرىيال كۆرگەندە كاللىغا كېلىدىغان پىكىر ۋە سوئاللار مۇئەللىمنى كۆرگەندە ئەستىن چىقىپ قالاتتى. مەن بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن سوئال خاتىرىسى تۇتۇپ ، ئۆزۈم جاۋابىنى تاپالماي قالغان سوئاللارنى يېزىپ ماڭدىم . ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشۈم كېرەككى ، يۇرتداشلىرىمغا ئورتاق بولغان چەت ئەللىكلەرنى چوڭ بىلىش پسىخىكىسىدىنمۇ ياكى دادىل پىكىر قىلىمەن دەپ مازاققا قېلىشتىن ئەنسىرىدىممۇ ئەيتاۋۇر، «جەمئىيەت نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن دەرسكە يېڭى قاتناشقاندا ، ئۆزۈم پىكىر قىلالايدىغان تېمىلار توغرىلىق گەپ قىلىشتىن خىجىل بولدۇم . ئېنىقراقى ، ئېغىر روھىي

بىسىم ھېس قىلدىم . مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇمىغاچقا ، نەزەرىيە دەرسىنى تولۇق كۇرسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىللىق باللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئوقۇشۇمغا توغرا كەلدى . سىنىپتا 50 نەچچە ئوقۇغۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە مېنى قوشقاندا ئۈچ نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بار ئىدۇق . تۇنجى سائەتلىك دەرستە ئاپال پروفېسسور ناندىتا ئىئارما «نەزەرىيە دېگەن نېمە ؟» دەپ سوئال قويدى . سىنىپ ئىچى جىمىپ كەتتى . مەن ئەسلىي ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ سوئالغا تەمتىرىمەيلا جاۋاب بېرىۋېتىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇنداق بولمىدى . مەن شۇ چاغدا تىل بىلىش بىلەن پىكىر قىلىشنىڭ تامامەن ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم . ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئانا تىلى بولسىمۇ، قانداق پىكىر قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى ، قىينىلىۋاتاتتى . مەن بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابنى بىلىپ تۇرسامۇ، نېمىشقىدۇر قولۇمنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم . ئاخىرى ئىككى ئوقۇغۇچى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن «نەزەرىيە» دېگەن ئۇقۇمغا جاۋاب بېرىپ ئۆتتى . «ئوخشىمىغان پىكىر بارمۇ ؟» دەپ سورىدى پروفېسسور . مەن بايىقى ئىككى ئوقۇغۇچى دەپ بولغان نۇقتىلارنى تەكرارلاپ سالماسلىق ئۈچۈن بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن غەيرىتىمگە كېلىپ قولۇمنى كۆتۈردۈم ۋە ئاددىيلاشتۇرۇپ: «نەزەرىيە دېگىنىمىز ئوخشىمىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان بايان» دېدىم . گەرچە جاۋابنى دۇدۇقلىماي، راۋان ئېيتسامۇ بەكلا جىددىيلەشتىم. قارىغاندا، ئامېرىكانلارنى چوڭ كۆرۈش ھېسسىياتى ، «ئۇلارنى جىق نەرسە بىلىدۇ» دېگەن قاراش ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، ماڭا بېسىم بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. پروفېسسور جاۋابىمنى مۇئەييەنلەشتۇردى . دېمىسىمۇ «نەزەرىيە دېگەن نېمە ؟» دېگەن سوئالغا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ ھەر خىل جاۋاب بېرىشكە بولاتتى . شۇ كۈنى مەن ئۆزۈمگە ئىشەنمىسەم ، چەت ئەللىكلەرنى جىق نەرسە بىلىدۇ دەيدىغان قاراشنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلمىسام زىيان تارتىدىغانلىقىمنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم . ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئىشەنچنى يوقاتساق ، ھەممە نېمىنى يوقىتىشىمىز مۇمكىن . لېكىن ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئابستراكت ئۇقۇملار ھەققىدە يات بىر تىلدا تەپەككۇر قىلىش ئادەمگە ئانا تىلىدىكىدەك ئەركىن - تەبىئىي بولمايتتى. «جەمئىيەت نەزەرىيىسى» دەرسىدىكى بىر قېتىملىق كەچۈرمىش بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. «جەمئىيەت نەزەرىيىسى» دەرسىمىزدە ئاساسلىقى دۇنيادىكى مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ھاياتى ، ئىدىيىسى ۋە مۇھىم نەزەرىيە سىستېمىلىرى تونۇشتۇرۇلاتتى. فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسى پيېر بوردىئو (1930)نىڭ ئىدىيىسى تونۇشتۇرۇلىدىغان كۈنى مۇئەللىمىمىز دەرس ئۆتمەي پيېر بوردىئونىڭ نەق مەيداندا لېكسىيە سۆزلىگەن كۆرۈنۈشى ئېلىنغان VCD پلاستىنكىسىنى قويۇپ بەردى . مەن بەكمۇ خۇشال بولدۇم . سەۋەبى ، مەن ۋەتىنىدىكى چېغىمدا بوردىئونىڭ «مەدەنىيەت ۋە ھوقۇق» ، «تىل نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟» دېگەن كىتابلىرىنى سېتىۋالغان ۋە ئۇنىڭ كاپىتال، ھوقۇق ھەققىدىكى بايانلىرىغا قايىل بولغانىدىم . پيېر بوردىئو ياۋروپادىلا ئەمەس ، ئامېرىكىدىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ،ئېمىل دۇركېم (Emile Durkheim , 1918 ـ 1858) دىن كېيىنكى فرانسىيىلىك ئەڭ ئۇلۇغ جەمئىيەتشۇناس دەپ تەرىپلىنەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كاپىتال ھەققىدىكى نەزەرىيىسى بەكمۇ قايىل قىلارلىق ۋە يېڭىچە ئىدى . ئەسلى بۇ - بوردىئونىڭ فرانسىيىدە تۇرۇپ سىملىق تېلېۋىزىيە ئارقىلىق نەق مەيداندا ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناسلارغا سۆزلىگەن نۇتقى ھەققىدىكى پلاستىنكا ئىكەن . نۇتۇق باشلىنىشتىن ئىلگىرى سۈرەتكە ئېلىش ئۆيىدە بوردىئونى مۇخبىرلار ئورىۋېلىشتى ۋە ئىمزا قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ھەتتا داددىراق بىر - ئىككى فرانسۇز قىز بوردىئونىڭ مەڭزىگە سۆيۈۋالدى . مەن بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ بۇنچىلىك زور تەسىر ۋە ئابرويغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى، جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت تولىمۇ ئابستراكت بىر ئۇقۇمدا مۇخبىرلارنىڭ بۇنچە سەۋىيىلىك سوئاللارنى سورىيالايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم . ئېكراندا كۆرۈنۈۋاتقان ئالمىشىپ ، ئامېرىكىدىكى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بوردىئونىڭ نۇتقىنى ساقلاۋاتقان مەنزىرە پەيدا بولدى. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ۋاللېر ستەيىن (1929) ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنگلىز تىلىدا بوردىئوغا سالام بەردى ۋە كۆپچىلىكنىڭ يىغىلىپ بولغانلىقىنى، بوردىئونىڭ نۇتقىنى باشلىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئېكراندا بوردىئونىڭ قاتتىق جىددىيلەشكەن كۆرۈنۈشى پەيدا بولدى . سۈرەتكە ئېلىش ئۆيىدە بوردىئو جىددىيلەشكىنىدىن بىردەم تەرلىرىنى سۈرتەتتى، بىر دەم ئالدىدىكى چاينى ئىچەتتى . «فرانسۇز تىلىدا سۆزلىگەن بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! - دېدى بوردىئو تەرلىرىنى سۈرتكەچ يېنىدىكى مۇخبىرغا،- تىل توسالغۇسى (Language Barrier)بېسىم بولۇۋاتىدۇ.» يېنىدىكى مۇخبىر ئۇنى توختىماي رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. مەن بەكلا ھەيران قالدىم ۋە بىر تىرەن ھېكمەتنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ ھېس قىلغاندەك بولدۇم . ئانا تىلنىڭ ھوزۇرى ئادەمنىڭ تىنىقى، نەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدىكەن. يات تىلغا ھەر قانچە ئۇستا بولغان ئادەممۇ ئانا تىلىدىكىدەك ئەركىن - بەھوزۇر سۆزلىيەلمەيدىكەن. بوردىئونىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدا گەپ يوق . ئەمما ئىنگلىز تىلىدا

ئامېرىكىلىقلارغا نۇتۇق سۆزلەش ئۈنى خېلىلا تەرلىتىۋاتاتتى . تىل توسالغۇسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بۇ خىل ئوڭايسىزلىق ماڭا يىغىن سورۇنلىرىمىزدا سۆزلەۋاتقان رەھبەرلىرىمىزنى ، دەرس مۇنبەرلىرى ئالدىدا خەنزۇتىلىدا سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى ئەسلەتتى : ئۇلارنىڭ قىينىلىدىغان يەرلىرىنى چۈشىنىگەندەك بولدۇم . بىر دوستۇم ماڭا ئۈرۈمچىدە ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر رەھبىرى چوڭ يىغىندا خەنزۇچە سۆزلىگەن ھامان ئۇنىڭ تەلەپپۇز ۋە سۆزدە قېيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ يەرگە قارىۋالىدىغانلىقى ، خاتا سۆزلەپ قويۇپ يۈزى چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. قارىغاندا، تىل توسالغۇسىدىن كېلىپ چىقىدىغان بېسىم ۋە ئوڭايسىزلىق رايون خاراكتېرلىك مەسىلە بولمىسا كېرەك .

كۈنلەر ئۆتمەكتە. مەن ئامېرىكا مائارىپىنىڭ ئىلغار ، يارقىن نۇقتىلىرىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا بەزى سەلبىي، كىشىنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان تەرەپلەردىن خالىي ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم . ئوقۇتۇش بىنالىرىدا قوڭغۇراق چېلىنمايتتى . دەرستىن چۈشۈش ۋاقىتلىرى بىردەك بولمىغاچقا ، دەرس ئاڭلاۋاتقاندا دەرستىن چۈشكەن باشقا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇتۇش رايونىغا ماشىنا كىرىشكە بولمايدۇ ، دېگەن بەلگىلىمە يوقمۇ ئەيتاۋۇر ، دەرس ئارىلىقىدا سىرتتىن موتسىكلىتلارنىڭ يوقىرى ئاۋازدىكى غارقىراشلىرى ۋە ماشىنا- پىكاپلارنىڭ ئاۋازلىرى دەرسخانا كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزەتتى . دەرستىن چۈشكەنلىرىمىدە سىنىپقا كىرىشنى ساقلاپ تۇرغان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېرىقچىسى خېلى يەرلەرگىچە ئېچىلىپ قالغان كۆكسلىرىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك سېمونت يەردە ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرەتتىم . بەزى قىزلارنى ھەتتا كارىدورلاردا كۆكسىنى يەرگە چاپلاپ دۈم ياتقىنىچە كىتاب كۆرۈۋاتقان ياكى بىر نەرسە يەۋاتقان ھالەتتە چېلىقتۇراتتىم . بۇنداق ئەھۋالنى مەن ئوقۇغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇچراتقىلى بولمايتتى . «سېلىشتۇرما مەدەنىيەت» دەرسىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، چىكاگولۇق ياش قىز ئاننى (Annie)دەرس ئارىلىقىدا ئامېرىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا نۇرغۇن مەسىلە بارلىقىنى ، ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىمۇ جىنسىي ئەركىنلىك تۈپەيلى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نىكاھسىز بالا تېپىپ، باشقىلارغا بېرىۋېتىش قىلمىشلىرىنىڭ بارلىقىنى دەپ ئۆتتى . ئامېرىكا «ئالما»كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ستېۋ جوب (Steve Job)نىكاھسىز تۇغۇلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن «دۆت بولساڭ ئاچ قالىسەن» (stay hungry , stay foolish )دېگەن نۇتقىدا ئۆزىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغانلىقىنى ئاشكارا تىلغا ئالدۇ . مەن جوڭگودىكى چېغىمدا: «جوڭگونىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپى يامان ئەمەس . چەت ئەللەرگە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا چىقسا مۇۋاپىق بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم . مەن بۇ گەپنىڭ مەلۇم نۇقتىدىن توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى باي ئاتا - ئانىلارنىڭ بىر قىسمى باللىرىنى چەت ئەللەرگە چىقىشتىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان - ھازىرلىمىغان، ئوقۇيالايدىغان - ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي چەتكە چىقىرىۋېتىش كويىدا يۈرىدۇ . ھەتتا بەزىلەر چەت ئەللەرنى چوڭ بىلىش پىسخىكىسىنىڭ زىيىنى تۈپەيلى مائارىپى ۋە تەرەققىياتى جوڭگودىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىغان دۆلەتلەرگە چىقىپ پۇشايمان قىلىشتى ، نۇرغۇن سەرسانچىلىقنى باشتىن كەچۈردى . شۇڭا ، چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىققاندا قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىشتىن ساقلىنىش، ئەقلىي بىر مۇددىئا بىلەن ئۆزىنىڭ چەت ئەللەرگە نېمە ئۈچۈن چىقماقچى بولغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى زۆرۈر.

## كىشىلەر نېمىشقا ئامېرىكىغا تەلپۈنىدۇ ؟

ئادەمگە بولغان ھۆرمەت ، كىشىلىك قەدىريەت ۋە ئىنسانىي ھوقۇق ئېھتىمال كىشىلەرنى ئامېرىكىغا تەلپۈندۈرۈۋاتقان ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللار بولسا كېرەك . ئامېرىكا مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغان دۆلەت ئەمەس . نېگىرلار ھوقۇقى رەھبەرلىرىدىن دۇبوئىس، مارتىن لۇتېركىڭ، مەلكون قاتارلىقلارنىڭ كۈرەش قىلىشى بىلەن ئەمەلىيەتتە نېگىرلارنىڭ ئورنى يوقىرى كۆتۈرۈلگەن ، ئىرق مەسىلىسى مەسىلە بولۇشتىن قالغانىدى . ئاپتوبۇسلاردا: «ھەر قانداق ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئىرقىي، جىنسىي، فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكىنى باھانە قىلىپ كەمسىتىشى قانۇن تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى جۈملىلەر كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە يېزىلغان بولاتتى . ئىقتىدارى بار ھەرقانداق ئادەم بۇ يەردە قارشى ئېلىناتتى ھەم تىرىشسىلا چوقۇم يول تاپالايتتى.

خىزمەت ھالقىلىرىدا خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىگە تولىمۇ مەسئۇلىيەتچان ۋە قىزغىنلىقى، ئىش بېجىرىشنىڭ قولاي ھەم ئاددىيلىقى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدا

ئامېرىكىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقچى بولغانلار چوقۇم بىرىشكە تېگىشلىك GREئىمتىھانىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئانالىز قىسمىنى بىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم. هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن ، «فورد مۇكاپاتى» ئىشخانىسىنىڭ خادىمى كىم سىمول GREئىمتىھانىغا تىزىملىتىشىم كېرەكلىكىنى، ئىمتىھانغا تىزىملىتىش پۇلىنى كېيىنچە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى ئاتچوت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . مەن 140 دوللار تۆلەپ بۇ ئىمتىھانغا قاتناشتىم . بىر كۈنى كىم سىمول شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزىگە كىرىپ ئىمتىھان پۇلىنى ئاتچوت قىلدۇرىۋېلىشىمنى ئېيتىپ ئېلخەت يېزىپتۇ . مەن هايالىشمايلا شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزىگە كىردىم . كىردىمۇ ، پاسپورتۇمنى ئېلىۋالمىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم . «پۇلنى بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلار هېچبولمىغاندا كىملىكىمنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر گۇۋاهنامىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلار» دېگەن خىيال كاللامدىن كەچتى. ئاخىرى ، نېمىلا بولسۇن مالىيە ئىشخانىسىغا ئاۋۋال كىرىپ بېقىش ، پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن نېمە رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشىم كېرەكلىكىنى سوراۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم .

مالىيە ئىشخانىسىدىكى ئايال كاسسىر مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئېيتتىم . كاسسىر فامىلەمنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى سورىغاچ بىر جەدۋەلگە كۆز يۈگۈرتتى . مەن فامىلەمدىكى هەرپلەرنى هەجىلەپ بەردىم . كاسسىر جەدۋەلنىڭ بىر يېرىگە بىر نېمىلەرنى يازدى ۋە 140 دوللار پۇلنى چىقىرىپ ئالدىمغا قويۇۋېتىپ ئىمزا قويۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى . مەن ئىمزا قويۇپ بولۇپ پۇلنى ئالدىم :

ــ رەسمىيەتلەر تۈگىدىمۇ ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن هەيرانلىق ئىچىدە .

ــ تۈگىدى،ـ دېدى كاسسىر كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ خوشۋاخ بولۇڭ .

كاسسىر پاسپورتۇمنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلمىدى ، پۇلنى ئېلىپ چىقىشقا ئۈچ مىنۇتمۇ كەتمىدى . راست گەپنى قىلسام ، كاسسىرنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپكە ئىشىنىپ ماڭا بۇ پۇلنى شۇنچە ئىتتىك بېرىۋەتكىنىگە هازىرغىچە هەيرانمەن . شۇ كۈنى ئىشەنچنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان هۇزۇرىنى سۆيۈنۈش بىلەن هېس قىلدىم .

مەن هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ بىر قانچە شتاتىدا قوراللىق ئېتىشىش ۋەقەسى يۈز بەردى. لېكىن هاۋايدا قىلچە خاتىرجەمسىزلىك هېس قىلمىدىم، كىشىلەرنىڭ قورال ئېلىپ يۈرگىنىنىمۇ كۆرمىدىم . كېيىن ئۇقسام ، هەرقايسى شتاتنىڭ پۇقرالارنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشى هەققىدىكى بەلگىلىمىسى ئوخشىمايدىكەن . مەن تۇرۇۋاتقان هاۋاي شتاتى پۇقرالارنىڭ قورallarنى ئەركىن ئېلىپ يۈرۈشىنى چەكلىگەن شتاتلارنىڭ بىرى ئىكەن . بۇ يەردە كىشىلىك هوقۇق ئالاهىدە كاپالەتكە ئىگە ئىكەن . بىر كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئامانلىق قوغداش تارمىقىدىن بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش هەققىدە ئېلخەت تاپشۇرۇۋالدىم (بۇ خىلدىكى ئېلخەتلەر ئادەتتە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ هەممە خادىمى ۋە ئوقۇغۇچىسىغا ئەۋەتىلەتتى) . ئېلخەتنىڭ مەزمۇنى مېنى هەيران قالدۇردى . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ئاسپىرانت قىز ئۇنىۋېرسىتېت يولىدا كېتىۋاتسا ، ياش بىر بالا ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ . قىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ بىر دەم پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ . قىز رەت قىپتۇ . لېكىن يىگىت قىزنىڭ ئالدىنى توسىۋاپتۇ . قىز ياندىكى ئۆتەمەكچى بولغانىكەن ، يىگىت ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتىۋاپتۇ . قىز ۋارقىراپ ياردەمگە ئادەم چاقىرىپتۇ . يىگىت قېچىپ كېتىپتۇ . قىز ساقچىغا تېلېفون قىپتۇ . مەكتەپنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئاپپاراتى ئىشنىڭ جەريانىنى، يىگىتنىڭ چىراي ئالاهىدىلىكىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يىگىتنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، كۆرگۈچىلەرنىڭ ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشىنى ئەسكەرتكەنىدى . «ئۇ يىگىتنى نەس بېسىپتۇ» دەپ ئويلىدىم مەن . جۇڭگودا بۇنداق ئىشلار جىنسىي پاراكەندىچىلىك دەپ قارالسىمۇ ، ساقچىلار ئارىلىشىدىغان دائىرىدە ئەمەس ئىدى . كىشىلىك هوقۇقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى . شۇڭا بەكلا هەيران قالدىم . ئۆرۈمچىدە مەن كۆڭلى چۈشۈپ قالغان قىزلارغا تەهدىت سالىدىغان ، قورقىتىدىغان يىگىتلەرنى كۆپ كۆرگەن، بۇنداق ئىشلارنى جىق ئاڭلىغانىدىم . بۇنداق ئەهۋالغا دۇچ كەلگەن قىزلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى ، ساقچىغا مەلۇم قىلىشنىمۇ ئويلاشمايتتى. هالبۇكى، ئامېرىكىدا بۇ كىشىلىك هوقۇقا دەخلى ـ تەرۇز قىلمىشى هېسابلىناتتى . ۋەقە سادىر قىلغۇچىنىڭ ئارخىپىغا بۇ ئىشلىرى يېزىلىپ ئۇنىڭ خىزمەت تېپىشى، بانكىدىن قەرز ئېلىشى توسالغۇغا ئۇچرايتتى . شۇڭا ، ئامېرىكىدا بىراۋغا پىچاق تىقىۋېتىش ، ئۈچى بار ئادەمنى ئادەم توپلاپ ئۇرۇۋېتىش ئەمەس، هەتتا تىللاش ــ قۇرۇق تەهدىت سېلىشمۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش هېسابلىناتتى. جەمئىيەت ئامانلىقى، شەخسنىڭ

كىشىلىك ھوقۇقى كۆچلۈك كاپالەتكە ئىگە ئىدى .

خىزمەت پۇرسىتىنىڭ كۆپ بولۇشى بەلكىم كۆچمەنلەرنى ئامېرىكىغا كېلىشكە تەلپۈندۈرىدىغان يەنە بىر ئامىل بولسا كېرەك . بىزگە بېرىلىدىغان ۋىزا 1 ـ J.(زىيارەتچى ئىلمكەرلەرگە بېرىلىدىغان ۋىزا) بولغاچقا ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىزدەك ‹‹فورد ئوقۇش مۇكاپاتى››غا ئېرىشكۈچىلەرگە ئايدا بېرىلىدىغان 1100 دوللار تۇرمۇشقا يېتىپ ئاشاتتى . لېكىن مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى ئايال بولسا ئېرى، ئەر بولسا ئايالى ئىشلەپ پۇل تاپسا بولاتتى . مەندىن بىر يىل بۇرۇن‹‹فورد ئوقۇش مۇكاپاتى››غا ئېرىشكەن تىبەت ئايال نىما بۇچى ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدىلا ئېرىنى ئەكېلىپ ئىككى يەردىن ئىش تېپىپ بەردى. ئەر ـ ئايال ئېيىغا 2200 دوللار كىرىم قىلاتتى . جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا بۇ ناھايىتى ئوبدان كىرىم ئىدى . مىسىردىن كەلگەن ئەرەب خۇسامنىڭ ئايالى يەسلىدە كىچىك باللارغا تاماق يېگۈزىدىغان ئىشنى قىلىپ ئېيىغا 1800 دوللار مائاش ئالاتتى . ئائىلىق كىرىمگە قارىغاندا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنچە قىممەت دېيىشكە بولمايتتى . 200 دوللار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھاۋايدا بىر ئايدا يامان ئەمەس كۈن ئالالايتتى. ( ئەلۋەتتە راھەت ، ئەيش ـ ئىشرەت قوغلىشىدىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. ) ئەمما ھونولۇلۇ خەلقئارالىق ساياھەت شەھىرى بولغاچقا ئۆي باھاسى ، ئىجارە ھەققى زىيادە قىممەت ئىدى . ياتىدىغان يەردىن غەم قىلمىسا ، تاماقنى ئۆزى ئېتىپ يېسە ، ھاۋايدا ئاددىيراق ياشاش ئۈچۈن جىقمۇ پۇل كەتمەيتتى .

## قىش بولمايدىغان شەھەر

ھونولۇلۇ ـ ھاۋاي شىتاتىنىڭ مەركىزى، خەلقئارالىق ساياھەت شەھىرى. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى مۇشۇ شەھەردە . يىلبويى بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ . گۈزەل ۋايكىكى ئارىلى، ئالماس مۇنارى ، يانار تاغ ، پېورل خاربور خاتىرە سارىيى، پولىنىزىيە مەدەنىيىتى (تىنچ ئوكياندىكى ساموئا، تاختى، ھاۋاي قاتارلىق ئاراللاردا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ ئارىلاشما مەدەنىيىتى) سارىيى قاتارلىقلار ھونولۇلۇنىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى ئەڭ جەلپكار ، يارقىن نۇقتىلاردۇر . ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا قىش بولغان چاغلاردىمۇ ھاۋايدا دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلار يىلبويى كۆكىرىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا قىش ـ ياز سېلسىيە 25 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە باشقا دۆلەتلەردىن ھونولۇلۇغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانلارنىڭ بېلىتى قىس، كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ سانى كۆپ . بىر كۈنى سودا سارايدا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇغان ھەم ھازىرغىچە مۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ليۇ پروفېسسور بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم . ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ : ‹‹ ھاۋاسى ۋە مۇھىتىنى ئويلاشقاندا پۈتكۈل دۇنيادا ھاۋايدەك ياخشى جاي يوق ›› دېدى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى . نۇرغۇن كىشىگە تېلېۋىزور ـ كىنولاردىلا كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغان دېڭىز ساھىلى، ئوكيان شاۋقۇنى، ئىس ـ تۈتەكسىز، بۇلغىنىشتىن خالىي پاكىز مۇھىت، ۋاڭ ـ چۇڭسىز، ئاھالىسى شالاڭ بۇ گۈزەل شەھەر ساياھەتچىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇراتتى . ھونولۇلۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ، ساياھەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ياپونلار زور سالماقنى ئىگىلەيتتى . شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىدىغان ساياھەت ئاپتوبۇسىدا لىققىدە ئولتۇرغان ياپونلارنى كۆپ ئۇچرىتاتتىم ۋە ‹‹ ھاۋاي نوپۇسىنىڭ 40 پىرسەنتى ياپونلار ›› دېگەن گەپكە چىنپۈتەتتىم . ياپونىيىدە بېيىغان بايلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل جەمەتى بىلەن ھاۋايغا كېلىپ ياشاشنى خالايدىكەن . كۆپ قىسىم ئولتۇراق ئۆينىڭ ، ئىجارە ئۆيلىرىنىڭ ئىگىسى ياپونلار بولۇپ چىقىدىكەن . كېيىن ئاڭلىسام ، ياپونلارنىڭ كېيىنچە زېمىن دەۋاسى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1992 ـ يىلدىن كېيىن ياپونلارغا ئۆي-زېمىن سېتىپ بېرىشنى توختىتىپتۇ . ياپونلاردىن باشقا جۇڭگو ، كورىيە ، تايلاند ، فىلىپپىن ، ۋېيتنام ، مالايسىيا قاتارلىق ئاسىيا ئەللىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەرمۇ ھاۋايدا خېلى بار ئىدى . شەھەرنىڭ بىر چېتىدە «جۇڭگو بازىرى» دېگەن بىر بازار بولۇپ، ئاسىيالىقلار ئاساسەن مۇشۇ جايغا يىغىلىپ سودا ـ تىجارەت قىلاتتى . «جۇڭگو بازىرى»دا كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ھونولۇلۇنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بازارلارغا قارىغاندا ئەرزانراق ئىدى . بىز باھادا ئۇتتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆلگۈرەلىسەك مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان مىنىبۇسلاردا (ھەر يەكشەنبە كۈنى شەرق ـ غەرب تەتقىقات مەركىزى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشى ئۈچۈن «جۇڭگو بازىرى»غا قاتنايدىغان مىنىبۇس ياكى ئاپتوبۇس ئورۇنلاشتۇراتتى)، بولمىسا كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا «جۇڭگو بازىرى»غا كېلىپ ھەپتىلىك لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ قايتاتتۇق .

«جۇڭگو بازىرى»دا روشەن سېلىشتۇرما بوپقالغان بىر نۇقتا شۇ ئىدىكى، نامراتلار، ئۇششاق ئېلىپساتارلار، ئاسىيالىق سودا ـ سېتىقچىلار بۇ يەردە بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاق

تەنلىكلەر، بايلار كۆپرەك ئۇلتۇراقلاشقان باشقا يەرلەرگە قارىغاندا پەرقلىق ھالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى؛ قاتناش قائىدىسىگە، جەمئىيەت ئامانلىقىغا خىلاپ ئىشلار نىسبەتەن كۆپرەك بولغاچقا، ساقچىلارنىڭ بۇيەرگە قاراتقان نازارىتى كۈچلۈك ئىدى. تىلەمچىلەر ۋە مۇساپىرلارنىڭ كۆپلىكى «جوڭگو بازىرى »دا دىققىتىمنى تارتقان، مېنى نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەققىدە كۆپرەك ئويلاندۇرغان بىر ئىش بولدى. بىز ئادەتتە ئامېرىكىنى باي دۆلەت دەپ ئويلايمىز . شۇڭا بۇ يەردە ئۇنچە جىق تىلەمچىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ھالدا ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى . دېگىز ساھىلىغا يېقىن چۆپلۈكلەردە ئۇخلىغان ياتقان ، ئازغىنە روزىغارىنى قول ھارۋىسىغا سېلىپ كېتىۋاتقان، چىرايىدىن چۈشكۈنلۈكى، مىسكىنلىكى چىقىپ تۇرغان تىلەمچىلەر ۋە مۇساپىرلار ئۇچراپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن : «ئامېرىكا دۇنيا بويىچە بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەڭ زور دۆلەت» دېگەن گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولاتتىم. نامراتلىق ئۇقۇمىغا تولىمۇ جايىدا جاۋاب بەرگەن ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ ئوسكار لېۋىس (Oscar Lewis) «نامراتلىق مەدەنىيىتى » (Culture of poverty)دېگەن ئەسىرىدە: «نامراتلىق بىر ئىقتىسادىي مەسىلە بولماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كاللىدىكى، ئىدىيىدىكى مەسىلە، نامراتلىقمۇ بىر مەدەنىيەت. يامان يېرى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كاللىسىنى ئازاد قىلمىغانلارغا مىراس قېلىش مۇمكىنچىلىكى زور» دەپ يازىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىمكانىيەت ئامىللىرىدىن باشقا شەخسنىڭ ئېڭى ـ كاللىسىدىكى ئويغىنىش، سىلكىنىش ئامىلىمۇ نامراتلىقنى يوقىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. باي، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە نامراتلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، كاپىتالىستىك تۈزۈم ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەڭسىزلىككە ھامىلىدار[2]. بۇ بازاردىكى تىلەمچىلەر، نامرات مۇساپىرلار ئامېرىكانلارنىڭ : « بۇ دۆلەت ھەرگىزمۇ نامرات كەلگۈندىلەر، ئىقتىدارسىزلارنىڭ جەننىتى ئەمەس. جەمئىيەت داشقاللىرى توپلانسا بولىدىغان ئارقا ھويلا ئەمەس» دېگەن قارىشىنى كىشىگە ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى . ئامېرىكىدا بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زور بولسىمۇ ، چەت ئەللەردىن ھەتتا ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن كەلگەنلەرمۇ بۇ دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى خالايتتى. ھەتتا نۇرغۇن كىشى ئۆزى خالاپ ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولاتتى، ئامېرىكىلىق بولغىنىدىن پەخىرلىنەتتى، بۇ دۆلەتتە كۆچمەن بولۇش ئۈچۈن تارتىدىغان روھىي بېسىملارغا چىدايتتى . بۇ ھال كىشىگە مايكېر نوۋاكنىڭ: « ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان كۆچمەنلەر غايەت زور پىسخىكىلىق زۇلۇم جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك»[3] دېگەن گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى . يەرلىك ھاۋايىلىقلار دەل مۇشۇنداق ئامېرىكىلىق بولغىنىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆزى خالاپ ئاسسىمىلياتسىيە بولغان كىشىلەردىن ئىدى . بۇ ھال دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى، ھەم كىشىنى ئامېرىكىدا كۆچمەنلەرنىڭ نېمىشقا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاندۇراتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبىنى ساموئېل خۇنتېڭتوننىڭ «بىز كىم ؟» ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ جۈملىلەرگە باغلاپ چۈشىنىشكە بولاتتى: « ئامېرىكىنىڭ كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىشى مۇنداق ئۈچ باسقۇچلۇق بولىدۇ: ئاۋۋال كەمسىتىشنى يوق قىلىش ،ئاندىن خاتا چۈشىنىشنى، ئۆچمەنلىكنى يوقىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا قىممەت قارىشىدىكى زىددىيەتلىك نۇقتىلارنى يوقىتىش»[4]. قارىغاندا ، ئۆچمەنلىك ۋە قىممەت قارىشىدىكى ئىختىلاپلارنى يوقاتماي تۇرۇپ بىر ئىجتىمائىي توپنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئانچە ئاسان بولمىسا كېرەك .

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] كېنىس ئاللان : << جەمئىيەتنى چۈشىنىش >> ، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى 2 ـ بەت .

[2] رىئوم بىندى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن « 21ـ ئەسىرنىڭ ئاچقۇچى» ، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2005ـ يىل نەشرى 424ـ بەت.

[3]، [4] ساموئېل خۇنتېڭتون: «بىز كىم؟»، «شىنخۇا» نەشرىياتى 2005ـ يىل نەشرى 153ـ، 152ـ بەتلەر .

---

ئاپتور : ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M1)

بۇ سان 2008ـ يىل 10ـ فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 30ـ مارتتا نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، «كۆپ
ئۇچرايدىغان تېرە كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، «كۆپ
ئۇچرايدىغان ئاياللار ۋە بالىلار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە
داۋالاش» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، ئەل سۆيگەن تېۋىپ
ئابابەكرى راخمان داۋايى ئەپەندى



مۇيسىپىتلار

مۇتەللىپ ئەھەت فوتوسى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008 ـ يىل 2 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھ)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 ـ 22　باھاسى: 5 يۈەن